شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

رەيھانگۈل ئوسمان

# باھار بۇ يەردە تۈنەيدۇ

(نەسرلەر)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

رەيھانگۈل ئوسمان 1973 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1994 - يىلى قىزىلسۇ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى مالىيە - بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ھازىر ئاقتۇ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى بوغالتىرلار ھېسابات مەركىزىدە مەسئۇل بوغالتىر.

رەيھانگۈل ئوسماننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1993 - يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى يىل كېچىسى» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان، «ماي بۇلاق»، «يېڭى قاشتېشى»، «كىرورەن» قاتارلىق ژۇرناللاردا «سىرلىق كەچمىش»، «قەلبىمنى ئازابتا تىلىسەن نېچۈن؟»، «تۇنجى باھار»، «باھارنىڭ خۇش ھىدى يوقالدى قاچان»، «باھاردا يوقاتقان تۇيغۇلار»، «پىنھان سىرلار»، «تۇرىمەن يىراقتا مىسكىن گۈل كەبى»، «سۇنغان ئەقىدە» قاتارلىق 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ھەمدە «ئىشق پەسلى» قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان. 2004 - يىلى «ئىمتاس شەھەردىكى چۈش» ناملىق بىرلەشمە توپلامغا ئاپتورنىڭ «قەلبىمدە بار تاتلىق ئارمانلار»، «باھار كۈيى» قاتارلىق 32 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور يەنە «سۆيگۈ دەملىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە سۇندى.

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

رەيھانگۈل ئوسمان

# باھار بۇ يەردە تۈنەيدۇ

(نەسرلەر)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

春天在这里留宿:维吾尔文/热汗古·吾斯曼著—
乌鲁木齐:新疆大学出版社，2013.12
新疆民族文学原创和民汉互译作品工程
ISBN 978-7-5631-2680-4

Ⅰ.①春…Ⅱ.①热…Ⅲ.①抒情散文集—散文集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第304893号

责任编辑:**阿不里米提·卡德尔**
责任校对:**阿达来提·牙合甫**

# 春天在这里留宿

(散文集)

**热汗古·吾斯曼** 著

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路14号　邮编:830046)
新华书店经销
乌鲁木齐大金马印务有限责任公司印刷
880毫米×1230毫米　1/32　6.125印张
2013年12月第1版　2013年12月第1次印刷

ISBN 978-7-5631-2680-4
定价：16.00元

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە زوقلاندۇرۇشچانلىقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تالاش» تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس

مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە-نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش. ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات - يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل-ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت-ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا

تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قايىنام تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، باللار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۆرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يولەش ۋە تۈزۈش ـ تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل،

لىللا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، زوقلاندۇرۇشچانلىقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى كۈيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ
يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە-نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2013-يىلى 10-ئاي

# مۇندەرىجە

كۈتۈش (1) .................................. 1
ئىشق پەسلى .................................. 3
ھىجران سىرتمىقى.................................. 5
بىناۋا كېچىلەر .................................. 6
سۆيگۈ ئىستەكلىرى.................................. 8
سۆيگۈ سىمفونىيەسى ..................................10
قىز نېمىشقا يىغلايدۇ..................................12
بىز ئۇچراشقان ئاشۇ كۈن..................................14
سېرىنگۈل كوچىسى ..................................16
تەنھا ئاي قىسسىسى..................................18
پىنھان كەچمىشلەر..................................21
ئايرىلىش لىرىكىسى ..................................23
كۈتۈش (2) ..................................25
ساددا تىنىقلار ..................................28
گۈل قىسسىسى..................................29
باھار تۈنگەن يەر ..................................30
ئەزگۈ ھەسرەتلەر ..................................32
ھاياتلىق ھەققىدە..................................34
كۈتۈش (3) ..................................36
سۈكۈت..................................38
ھەممە ئۆتمۈشكە ئايلاندى ..................................40
چاقچاق كۈيلەشلەر ..................................41
دىل ياپراقلىرى ..................................43
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار..................................45

ئازاب ھەققىدە .......... 46
كۆي چەشمىلىرى .......... 47
گۈل ھەققىدە قىسسە .......... 49
كۈتۈش (4) .......... 51
شاماللارغا پىچىرلىدىم .......... 53
ساڭا بەخت تىلەيمەن .......... 55
گۈل پەسلى .......... 57
قانۇنىيەت .......... 59
پىغان .......... 61
يىراقلىغان ئارمان .......... 63
مەن كەتتىم .......... 67
يالغۇزلۇق .......... 69
روھ پەسلى .......... 71
مەڭگۈلۈك چاقىرىق .......... 73
چىغىر يول .......... 76
ئۈنسىز قايتىش .......... 78
ئانامنىڭ يالغۇزلۇقى .......... 80
يامغۇرلۇق كۈنلەر .......... 82
تىلەك .......... 83
خىيال .......... 85
گۈل .......... 86
ئېھ، مېنىڭ غېرىبلىقىم .......... 87
ئارچا كۆيلىرى .......... 88
پىنھانلىق .......... 89
چوغلانغان ھېسلار .......... 90
شامالنىڭ ئاۋازى .......... 92
كەچ كۈز لىرىكىسى .......... 94
ئۇزىتىش .......... 95
سېرىق سەبدەر .......... 98

زىلالە ..... 109
ئوغلۇم ..... 110
ئىككىمىز ..... 111
موھتاجلىق ..... 112
يول ..... 113
تەبەسسۇم ..... 114
مۇھەببەت كارىدورى ..... 115
سەھەردىكى قۇش ناخشىسى ..... 118
قەلبىمدىكى تۇيغۇ ..... 127
يامغۇر كۈيلىرى ..... 130
ئېھ، مېنىڭ غېرىبلىقىم ..... 137
باھار كۈيى ..... 138
شامال ..... 139
تەبىئەت ..... 140
ئاياللىق نازاكەت ..... 141
يامغۇر ..... 142
مۇھەببەت ..... 143
سېنىڭ ئاۋازىڭ ..... 144
تاڭ ناخشىسى ..... 145
خوشلىشىش ..... 146
نىدا ..... 147
توزۇغان گۈل ..... 148
مىسكىن كېچىلەر ..... 150
تەشنالىق ..... 152
كۆمۈلگەن ئىستەكلەر ..... 154
كۈي پەسلى ..... 156
قىزىمغا شېئىر يېزىپ بېرىمەن ..... 158
باھاردىكى خىيابان ھېسلار ..... 160
قار گۈلى ..... 161

باھار چېچەكلىرى......................162
خەير ياۋا گۈللەر....................163
بىناۋا خىيال ......................164
مۆھەببەتنىڭ قەبرىسى ..................165
پارچىلار ..........................166
بىر تال گۈل ........................168
بىناۋالىقىم..........................169
ھەسرەتنىڭ بايانى ....................171
چېچەك پەسلى .......................173
دىللاردىن مەنالارغا ..................174
خىيال ئىچىدىكى ئەسلىمە...............182
ئۆزۈمدىن قېچىش ......................184

# كۈتۈش (1)

ئارامبەخش كېچىلەر، يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ، سۇلار سۈزۈك، ئاشۇ دەقىقە قەلبىم ئىزھارىنى ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟ بەلكىم بىلمەيسەن، روھ ناۋالىرىدا يۈرىكىمنىڭ لەختە بولغىنىنى، بەلكىم بىلمەيسەن، سەرگەردان خىياللىرىمنىڭ تۈنلەردىكى غېرىبلىقىنى، سەن بىلمەيسەن، سۆيۈش بىلەن سۆيۈلۈشنىڭ ئايرىلىقىنىڭ نەقەدەر يىراق ۋە يىراقلىقىنى.

ئورمانلارنى قۇشلار ئۇۋا قىلغان، ئاي غېرىبسىنغان، يۇلتۇزلار يېنىككىنە جىمىرلىغان شۇنداق بىر كۈنى، شۇنداق بىر ئەپسانىگە ئىشىنىپ قالدۇق، كۆزلەر ئۇچراشقان، ئارمانلار گىرەلەشكەن شۇ مىنۇتلاردا يۇلتۇزلار ئەپسانە سۆزلەيتتى.

كۆزلىرىڭدىكى پىنھانلىق مېنى ئەسىر قىلغان، كۈيلىرىڭدىكى ئاھاڭدارلىق مېنى مەستخۇش قىلغان ئىدى.

مېھىر گۈلخانلىرىڭدا كۈل بولغان ئىستەكلىرىمنى نېمە دەي، يارقىن ھېس، يارقىن كۈي، ھەممە-ھەممىسى كۈل بولغان ئاشۇ كۈن يۇلتۇزلار ئەپسانە سۆزلەيتتى.

مەن يىغلاپ تۇرۇپمۇ، كۈلۈپ تۇرۇپمۇ ئاشۇ ئەپسانىلەر باشلانغان يولدا ماڭدىم، يۇلتۇزلارغا قارىدىم، ھىجرانىڭنى كۈيلىدىم، مەن شۇنداق قىلدىم، بۇ گاھى خارلىق ۋە زارلىق نىدالىرىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ...

ئەلمىساقتىن تارتىپ نۇرغۇن-نۇرغۇن ئەپسانىلەر بولغانمىش، باھار گۈلىدەك نازۇك، تاڭ شامىلىدەك مەيىن.

خىيالىڭ پەرۋازىدا سۇنغان نىگاھلىرىم ئاشۇ ئەپسانىلەرنى

يىراق-يىراقلارغا باشلايدۇ، چۈش ئەسلىمىسىگە تولغان ئالەم مەڭگۈ تۈگىمەس غېرىبلىق ناخشىسىنى باشلايدۇ.

يەنە شۇ ئەپسانە، يەنە شۇ تەكرار ئەسلەشلەر. نىگاھلىرىڭنى يۈتۈپ كەتكەن بوشلۇقتا ئەپسۇسلۇق بىلەن قارىدىم، ئازابلىق نالەشلىرىمنى پەقەت ئۆزۈملا ئاڭلىيالايمەن. سۈس جىلمىيىشلار، يېنىككىنە سۈكۈت. مېنى بىغۇبارلىق ئالىمىدىن يىراقلارغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشىدۇ. ئاسىيلىق ھەققىدە ناخشا ئاڭلىغۇم يوق، زىنھار ۋە زىنھار.

كېچىلەر قىيامىغا يەتكەن. شامالنىڭ ئاۋازى رۇجەكلەرگە يېنىككىنە ئۇرۇلغان ئاشۇ دەقىقىلەر يۇلتۇزلار ئۆز ئەپسانىسىنى باشلايدۇ...

ىلىمىسىگە تولغان ئالەم
شلايدۇ.
ئەسلەشلەر. نىگاھلىرىڭنى
بىلەن قارىدىم، ئازابلىق
ن. سۇس جىلمىيىشلار،
مىدىن يىراقلارغا ئېلىپ
ە ناخشا ئاڭلىغۇم يوق،

نىڭ ئاۋازى رۇجەكلەرگە
لتۇزلار ئۈز ئەپسانىسىنى

# ئىشق پەسلى

كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ئىشق قەلبىمگە ھۆكۈمران بولغاندىن
، چۈشلىرىم ئەڭ گۈزەل مەنالار بىلەن بېزەلگەن ئىدى. گۈگۈم
، مۇڭدىشىپ گىرىمسەن خىياللىرىمنىڭ نەمخۇش قىرغاقلىرىدا
، كۈتەتتىم. سەن ئۈمىدلىرىمنى چېچەكلەتكەن مىنۇتتىن
`پلا ئۆزۈمنى شۇ قەدەر بەختلىك ھېس قىلغانمەن. بىراق
سى شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بەردى، خۇددى بىر پارچە شامال
ئۇچقاندەك، كۆكتىن بىر يۇلتۇز ساقىغاندەك. گويا بىر تال
ئۈزۈلگەندەك. مۇھەببەتنىڭ شەكلى بولمايدۇ. شەكىلسىز
بەت. سەن ئاڭلىغانمىدىڭ ؟... دەل شەكىلسىز مۇھەببەت
دا سەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەنسەن، شۇنچە تەبىئىي،
اچان. ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ئەزەلدىن شۇنداق
ى لازىمدەك. شۇ دەقىقە ئازابلىق ياشلىرىم ياستۇق گۈللىرىنى
دى، مېنىڭ ساڭا ئازاب ھەققىدە سۆزلەپ بەرگۈم كېلەتتى...
مۇدھىش ئايرىلىش، مۇدھىش چۈش بەختىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
سىداساڭا ھەم ماڭا نەپرەتلىك قارىغىنى ھېلىھەم ئېسىمدە.
اڭا مۇڭلانغان ئايىنى، ئۇنىسىز تۇزۇپ كېتىۋاتقان باھار
رىنى ھەم تىنماي چۇرۇقلىشىۋاتقان پەسلىسىز قۇشلارنى
مگە سالاتتى، ئازابىم بەرگىدىكى يالتىراپ تۇرغان ياشلار
نىن تامامەن مەھرۇم بولغان مۇھەببەتنى ھۆللىمەكتە.
ئەسىرلىك، غېرىبلىق ئازاب دەرياسىدا يول-يول سىزىقلارنى
ل قىلدى. خوش قالغىن، مەيلى گۈلگۈن ھېسلار بىلەن
خانەڭنى ئاۋۇندۇرالمىغان بولسام. خوش قالغىن، رەڭدار
لەرگە تەشنا كېچىلىرىڭنى بېزىيەلمىگەن بولسام. خوش

قالغىن، تەلۋە ھاياجانلىرىم ئاستىدا بەرق ئۇرۇپ تۇرغان خىياللىرىڭنى كۆكلىتەلمىگەن بولسام... ئاپئاق تۇيغۇلىرىم بىلەن ھۆللەنگەن كېچە گۇگۇم بىلەن مۇڭدىشىپ چىققىنىم ئېسىمدە. شۇنى بىلىمەن، چوقۇم سەنمۇ ياش تۆكسەن!!!

# ھىجران سىرتمىقى

ئاھ، قەلبىمدە ئارمان تاشقىنى، ئۇ جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىدە كۆيۈپ، چېھرىڭدىكى نۇرلار بىلەن يۇيۇنغۇسى، بەختىنىڭ كىچىككىنە تىۋىشلىرى ئاستىدا كۆكلەردىن يامرىغان ئەڭ ئاداققى نۇرلار ئىچىدە دېكابىر كەچمىشلىرىگە گۈزەل لىرىكىلارنى ئاپىرىدە قىلغان ئەڭ گۈزەل ئۇھسىنىش...

— دىل قەسىرىمنىڭ قېلىن تاملىرىغا ئويۇلغان ئۆچمەس ئىسمىڭ گۈزەل ۋە تونۇش ئاھاڭدا مەڭگۈلۈك سېغىنىش كۈيلىرىنى توختىماي ياڭراتقىنى ئېسىڭدىمۇ؟...

سەھەر شامىلىغا جور بولغان مەڭگۈلۈك ناخشا ساختا قىسمەتلەرنى چۇل-چۇل قىلىپ ئۆتكىنىدە كىملەرنىڭدۇر غىل-پال قاراۋاتقىنى غۇۋا ئېسىمدە!

دېكابىر قار گۈللىرى ئاپئاق تۇيغۇلار بىلەن سېنىڭ قار لەيلىسىدەك يۇمران يۈزلىرىڭنى سۆيۈپ ئۆتكىنىدە، مەن ھىجران سىرتمىقى ئاستىدا ئۈنسىز قىينىلىۋاتقىنىمنى ئېنىق. ئازابسىز ئىشق بولمىغىنىدەك، مەڭگۈلۈك باھار بولمايدۇ، ئېھ، قار گۈللىرى، سەن ۋىسال دەملىرىنى كۈتمىگىن، چۈنكى خىيال بىلەن بەختىنىڭ ئارىلىقى كۆرۈنمەس يىپلار بىلەن شۇ قەدەر چەمبەرچاس باغلانغان. سۆيگۈ مەۋسۇمىنىڭ رەڭدار ئىشكلىرى ئاستا چېكىلگىنىدە، سەن، مەن كۈتۈۋاتقان بەختىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى سېنىڭ تاللىشىڭدا مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟!

ئاھ، قەلبىمدە ئارمان تاشقىنى، سەن شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىكسەنكى، ئېرىشكۈچىنىڭ ئالدىدا سەن مەڭگۈ چاڭقاق بىر تۇيغۇ!!!

# بىناۋا كېچىلەر

ھەسرەتلەر ئورىغان سۆكۈتلىرىم يەنىلا ئويغاق. سېنىڭ كۆلكەڭ بىلەن رەڭلەنگەن بۇ ئالەم ماڭا ئەبەدىيلىك تەنھالىقنى قالدۇردى، مەن ئاي غۇۋا، قۇشلار بىناۋا ئاشۇ كۈنى مۇدھىش ئادىششىنىڭ ئەڭ يېقىن دەقىقىلىرىدە ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. لەۋلىرىم يادلىۋالغاندەك بىرلا ئىسمىنى توختىماي پىچىرلايتتى، بۇ پىچىرلاش مېنىڭ غەمسىز، خىرامان كۈنلىرىمگە خاتىمە بېرىپ، كېچىدىكى ئۈنسىز جىمجىتلىقنى ماڭا بەخش ئەتتى. بەخش ئېتىش بولسا ئەڭ گۈزەل خىرامانلىق، سېنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىڭدىكى ئاداشقان مېھرىنى ماڭا تۇنجى قېتىم ھېس قىلدۇرغۇچى، مەن شۇنداق ئاتىدىم، سۈبھىلەردىن كېلىۋاتقىنى مېنىڭ ئۈنسىز نىدالىرىم، شۇ قەدەر بىغەم كېتىۋاتقىنى يەنىلا سەن ئىدىڭ... مېنىڭ تۇساتتىن شۇنداق يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ باققۇم كېلەتتى. ئەي بىغەم دىلبىرىم، سەن ماڭا ئۆگەتكىن، ئاشۇ تەنھا، ھەسرەتسىز، جىمغۇر، ئەمما جەسۇر تۇرقۇڭنى! مەن باھار يامغۇرىدەك، ئەزگۈ كۈز شامىلىدەك مەيىن تۈيغۇدا ئىزتىراپقا چۆمگەن تەگسىز سېغىنىشلىرىمدىن يىراقلاپ كېتەي. گەرچە ئۇ شۇنچە ئازابلىق بولسىمۇ مەن يەنىلا شۇنى ئۈنسىز تىلەپ قالماقتىمەن.

مەن يەنە كۆزلىرىڭدىن چاچرىغان رەڭدار نىگاھلاردا سۆيگۈگە تەشنا قەلب خانەمنى بېزەپ كەلمەكتىمەن. مەن سەنسىز، سېنىڭ تاتلىق چۈشلىرىڭسىز شۇ قەدەر غېرىبمەن. مەن سېغىنىش رىشتىسىدىن كەشتىلەنگەن رەڭدار ھېسلاردا كۆڭۈل خاتىرەمنىڭ تۇنجى بېتىگە سېنىڭ ئىسمىڭنى يېزىپ قويدۇم...

كەل ئەزىزىم، ئەڭ ئاخىرقى رەت تاڭنىڭ مەيىن شامىلىنى، يۇلتۇزلۇق كېچىنى، گۈزەل شولىلار ماراپ تۇرغان سانسىز رۇجەكلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ يېنىمغا كەلگىن، باھار چېچەكلىرىدىن رەڭ ئالغان چېھرىڭدىن ئۆز بەختىمنى ئىزدەي. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزۈمگە تەۋە بولغان تەلۋە ھاياجان ئىلكىدە ئاي غۇۋا، قۇشلار بىناۋا ئاشۇ كېچىگە ئاخىرقى قېتىم قايتىشىم تامامەن مۇمكىن...

# سۆيگۈ ئىستەكلىرى

مېنىڭ رىشتىمدىن باشلانغان خىيال يىپى سىنىڭ ۋۇجۇدىڭنى چىرمىۋالغاندا سەن ھەرگىز ئەجەبلەنمىگىن. چۈنكى بەخت دەل شۇنىڭدىن باشلانغان، يۇلتۇزدەك نۇرانە، خىيالدەك يىگانە كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن مېھىر ماڭا ھەقىقىي بەختنى ھېس قىلدۇرغان.

چۈشلىرىڭدىن ھاسىل بولغان گۈزەل ئىستەكلەر ماڭا ھېلىھەم ئارامبەخش تۇيغۇلارنى سۇنۇپ تۇرىدۇ. گەرچە، مانانلارغا چۆمگەن گۈزەل قىرغاقلار بىزنى ئايرىپ تۇرغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا شۇ قەدەر بەختلىكمەن. قاياقتىندۇر ئاڭلانغان مۇڭلۇق كۈي مېنىڭ سۆيگۈگە ئىنتىلگەن ۋۇجۇدۇمغا جىمجىت ئېقىپ كىرمەكتە. كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى ئېزىدىغان ئاشۇ مۇڭلۇق كۈي بىلەن بىرگە ئۆلگۈر ياش قىيانى مېنى قاپساپ كېلەتتى. چۈش بىلەن خىيال، ئېرىشىش بىلەن ئادىشىش سىرلىق چايقىلىدۇ، ئۇنىسىز نالىگە ئوخشايدىغان بىچارە تەلۋە خىيال كىملەرنىڭدۇر كۆزىگە ئۇنىسىز تەلمۈرىدۇ.

بۇ يوللار شۇ قەدەر ئۇزۇن، ئۇندا مېنىڭ سىرلىق بىپايان كەچمىشلىرىم تارىخ سىزىقلىرىنى قىزىل رەڭدە بويىغان، مەن ئوقۇماقچى بولىمەن ئۇنىڭدىكى ئىمىر-چىمىر خەتلەرنى... كۆزۈم نېمە ئۈچۈندۇر «بەخت» دېگەن خەتلەرنى توختىماي ئىزدەيدۇ، ھەممىلا يەردە سىنىڭ ئىسمىڭدىن باشلانغان ھەرپكە ئوخشايدىغان يول بەلگىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، مەن شۇنىمۇ بەخت دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ ساڭا بەخت ھەققىدە شۇ قەدەر ئۇزۇن سۆزلىگۈم بار...

ھەيھات، ئۆمۈر مەنزىللىرى تۈرلۈك غارايىپلارغا تولغان ھەر قەدەمدە شېرىنسۇخەنلەرگە تولغان مەدھىيەلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، مەن قىلچە بەخت ھېس قىلالمىدىم، مېنىڭ قايتا-قايتا سورىغۇم كېلىدۇ، ئەجەبا بۇ ئاۋارە كۆڭلۈمگە سېنىڭسىز بەخت بولمايدىغانلىقىنى كىملەر ئېيتىپ قويدىكىنە! چۈش پەسلى يېتىپ كەلگۈچە مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمنى بەزلەيمەن. قۇشلارنىڭ پەرقسىز سۆيگۈ ھەققىدىكى پەلسەپىسى كىملەرنىڭدۇر خىياللىرىنى ئۈركۈتمەكتە. مەن قاچان بولمىسۇن ھامان بىر كۈنى، ھەتتاكى ھاياتلىق مەرسىيەم ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ساڭا بەخت ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن...

# سۆيگۈ سىمفونىيەسى

بىر ناخشا بار، ئىشق گۈللىرى ئۈنىڭ ئاھاڭلىرىغا سىڭىپ يارقىن بىر مېلودىيەنى ھاسىل قىلىدۇ. بىر ناخشا بار، ئۇ سېنىڭ كۈلكەڭ بىلەن رەڭلىنىپ، سېنىڭ ھېدلىرىڭ. تۇيغۇلىرىڭ ھەققىدە يېڭى لىرىكىلارنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. بىر ناخشا بار، ئەبەدىيلىك غېرىبلىقنى چۈشلىرىمگە سىڭدۈرۈپ ئۆتكەن. مەن كۈيلەيمەن ئاۋازىڭ تامان، جىمجىت كۆلەڭگىلەرنى، باھارنى كۆكلەتكەن دالىلارنى، ئىشق دەردىدە ئاقارغان قار گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان چەكسىز ئاسماننى. مەن كۈيلەيمەن، ھەسرەتسىز تۆكۈلگەن ياشلارنى، بارسا كەلمەس يولدەك ئۇزۇن بىپايان ئارمانلارنى. بىر ناخشا بار، ئۇزۇم ھەققىدە كۈيلىگەنلىكىم ئېنىق. نەدىمۇ ناخشا بولسۇن، ئىگرىغاندەك، غىڭشىغاندەك، كۈلكىلىك. ئۆزۈمنىڭ ناخشىچى ئەمەسلىكىم ھەممىگە ئايان، بىراق ھامان بىر كۈيگە ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ. سېنىڭ ئاتەش كۈيلىرىڭ ئىلكىدە ئېچىلغان بەخت گۈلۈمنى قەلبىڭ ئېتىزىغا سانجىپ قويماقچى بولىمەن، شۇنىڭغىمۇ ناخشا ئېيتىش كېرەكمىدى؟.. غېرىبلىقىم ئىچىدە ئۆمىلەۋاتقان نىمجان سادالار، ئۈنىسىز سۆكۈت يۈرىكىمنى يېمەكتە. ناخشا ئېيتىشقا پەقەتلا رايىم يوق، چۈنكى ئېيتسامىلا يىغىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق. ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز يوچۇنلاردىن سەبدەر گۈلىدەك سولغۇن ھېسلىرىم پۇرۇلداپ تورۇيتتى. بىر ناخشا بار، ئۈنىڭ تېكىستلىرى كۆز يېشىمدىن پۈتۈلۈپ سېنىڭ ئەزگۈ ئەسلىمىلىرىڭ بىلەن كۈيلەنگەن.

بارلىق خىرامانلىق ھەم پۈتكۈل ئارمانلار خاتىمىسى بولمىش بىر بېكەت ھەمىشە ناخشام بىلەن قات ـ قات ئورىلىپ كېتىدۇ.

يىغلىغانـدەك سـوزۇپ ياڭرىغـان گـۈدۈك ئـاۋازى، ئـازاب دېڭىزىغا چاقىرغاندەك پويىز ساداسى يەر-زېمىننى تىترەتكـىنى ئېنىـق. بىـر ناخشا بار، ئېنىقكى ئەمدى ئۆزۈم ئۇچۇن ئېيتىلمايدۇ. «بېكەتتىكى قايتا ئۇچرىشىش» دېگەن بىر فىلىم ئېسىمدىن كېچىدۇ. چۈشلەر ئالىمىگە سىڭىپ كېتىۋاتقان ئەسلىمىلىرىم ناخشا بىلەن بىرلىشىپ قايـــىسىبىر داڭلىـــق مۇزىكانـــت ئـــىشلىگەن رەھىمـــسىز تەقدىـــر سىمفونىيەسىنى ئەسلىتىدۇ. پويىز ئاۋازىدىن يىراقلىسام دەيمەن، ئەمدى ئۆزۈم ئۇچۇن ناخشا ئېيتقۇم يوق...

# قىز نېمىشقا يىغلايدۇ

بىر قىز يىغلايدۇ. ئۇنىڭ چۈشلىرى يوق، خىياللىرى يوق، ھەتتا روھىي دۇنياسى قۇپقۇرۇق ئىدى. رەسىملەر كۆلەتتى، ئورمانلار كۆلەتتى، لېكىن، ئۇ يۇم - يۇم يىغلايتتى.

جىمجىت كېچە ئىدى. ھەممە نەرسە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان. بۇ يوقىتىش كۆلكە بىلەن يىغا ئوتتۇرىسىدىكى رەڭسىز يىپ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئىدى.

جىمجىت كېچە ئىدى. بىر قىز يىغلايتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يۇلتۇزلار ھەيران قالدى. شاماللار يېنىككىنە توختاپ قالدى. باغلار ھەسرەتتىن ئۇھ تارتتى. ئۇ قىز نېمە ئۈچۈن يىغلايدىغاندۇ ؟

ئاسمان گۈمبىزى گويا رەڭسىز بىر پارچە قەغەزدەك ئاپئاق ئىدى. قىز يىغىدىن زادىلا توختايدىغاندەك ئەمەس، قىزنىڭ يىغىسىدىن ھەتتا كېچىلەرمۇ ھەيران قالدى.

قىز نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ ؟...

قىزنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى ياش ئەمەس، بەلكى قىپقىزىل قان ئىدى. قىز يىغلايتتى. چۈشلەر تەبىرسىز قالدى. قۇشلار جەنۇبقا يول ئالدى. قۇياش تاغ كەينىدىن ئورۇن ئالدى. يوللار شۈنچىلىك، شۈنچىلىك ئۇزاردى. قىز يىغلايتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمايتتى.

شاماللار ھەيران قالدى. يۇلتۇزلار يېنىككىنە تىن ئالدى. قىزنىڭ كۆزىدىن نېمىشقا ياش چىقمايدىغاندۇ ؟

يىغا بىلەن كۆلكە ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان سۈزۈك بىر سەھەر قىز يىغىدىن توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئاچچىق

ئەلەمدىن قورقۇپ كەتكەن سەھەر شەبنەملىرى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى. قىز شۇ مەھەل قىزارغان ئۆپۆققا، تارام-تارام تۆكۈلگەن نۇرلارغا، ئېغىر سۈكۈتكە تولغان پۈتكۈل كائىناتقا قاراپ گۈلنىڭ شۇرلىشىدەك يۇمران ئاۋازى بىلەن توختىماي پىچىرلايتتى. ئىنسانىنىڭ ئەڭ بەختلىك ۋاقتى ئۇنىڭ باشقىلارغا مېھرىبانلىق قىلغان ۋاقتىدۇر....

# بىز ئۆچراشقان ئاشۇ كۈن

ئاگلىنىۋاتقىنى شۇ قەدەر يېقىملىق، شۇ قەدەر نازۇك بىر ناخشا، ئۇ گۈللەرنىڭ شىۋىرلىشىدەك يېقىملىق، باھار سەلكىنىدەك ئارامبەخش ئىدى.

مەن ھېلىدىن ـ ھېلىغا دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەك تىۋىشلىرىمنى دەم ـ دەم ھېس قىلىپ تۇرۇپ، بىز ئۇچراشقان ئاشۇ كۈننى توختىماي خىيال قىلاتتىم. ئاشۇ كۈنى شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز گۈزەل بىر سۈكۈت مېنى ھەم سېنى مەھكەم ئوراپ تۇراتتى. نەرگىسگۈلنىڭ ھىدىدىنمۇ ئېسىل بىر خىل خۇشبۇي ھىد مەستخۇشلۇق ئىلكىدە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كىرمەكتە.

مەن تەشنالىق ئىلكىدە سېنىڭ سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان مۇلايىم گۈزەل قوي كۆزلىرىڭگە تۇنجى قېتىم شۇنچە يېقىندىن قاراپ باقتىم. بۇ بېقىش گويا ئەسىرلىك بىخۇدلۇقىمنىڭ جىمىدە پارتلىشىدەك ۋۇجۇدۇمنى شۇ قەدەر لەرزىگە سالماقتا. مەن سېنىڭ ھېلىدىن ـ ھېلىغا قىزىرىپ تۇرغان، خۇددى گۈل بەرگىلىرىنىڭ يۇمران كۈلكىسىنى ئەسلىتىدىغان مېھرىلىك چىرايىڭغا قاراپ باقتىم. شۇ دەقىقە كۆزلىرىمىزنىڭ ئۇچرىشىشىدىن ھاسىل بولغان سۆيۈملۈك بىر پارتلاش يېنىككىنە ئۇچقۇن تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاشۇ كۈنى دەريالار سۈزۈك بىر ئېقىن ئىچىدە تىنىمسىز ئاقماقتا، قۇشلارنىڭ ناۋاسى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتمەكتە، دالىلاردىكى پۈتكۈل مەستخۇشلۇق سېنىلا مەھكەم ئورىۋالغاندەك، سەن شۇ قەدەر خىرامان ھالدا تۇراتتىڭ... مەن تالاي رەت مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى شۇنچىلىك كۈتكەن ئىدىم. شۇ دەقىقە يۈرەك سوقۇشلىرىمنى شۇنچە ئېنىق ئاڭلىماقتىمەن. نېمە ئۈچۈندۇر بىر

قەدەممۇ ماڭالماي، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي جۈرئەتسىز ھالدا ساڭا يەنىلا قارىدىم. سەن سەزدىڭمۇ؟ سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن چىققان بىر گۈزەل ئۇچقۇن مېنىڭ بارلىق جۈرئەتلىرىمنى پارچە-پارچە قىلىۋەتكىنىنى، سەن سەزدىڭمۇ؟ يۈرىكىمنىڭ بىر تال ياپراقتەك ئاجىز تىترەشلىرىنى، يەنە لەۋلىرىمنىڭ ئۈنسىز ئۈمچىيىشلىرىنى...

دىللاردىكى تىنىمسىز ئارمانلار ئۇھسىنىپ قالدى. ۋاقىتنىڭ بۇنچە تېز ئۆتىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان، خۇددى ساداقتىن چىققان ئوقتەك تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. مەن يەنە شۇ دەقىقىدە ئەپيۈنگۈلنىڭ مەستخۇش ھىدىدەك خۇش ھىدلىرىڭ ئىچىدە قېلىپقالدىم، شۇندىن بېرى ئاشۇ كۈننى خىيال قىلىپ ياشىماقتىمەن. دالا گۈللىرى قانچە رەت ئېچىلىپ، قانچە رەت توزىدى؟ پەسىل قۇشلىرى قانچە كېلىپ، قانچە قېتىم ئۇزىدى؟ مەن ھېلىھەم بەگباش توسقۇنسىز بىر خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدە كەلمەكتىمەن، كەتمەكتىمەن. مەن باھارنىڭ قانداق كېلىپ، قانداق كېتىدىغانلىقىنى، گۈللەرنىڭ قانداق ئېچىلىپ. قانداق توزۇيدىغانلىقىنى، سىم-سىم يامغۇردا دەرەخلەرنىڭ چاچلىرىنىڭ قانداق ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاشۇ جايدا كۆرۈپ تۇراتتىم. دېكابىرنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە ئاپئاق قار گۈللىرى ماڭا قاردەك سېغىنىشلارنى سۇنۇپ تۇراتتى، باش باھاردىكى ياۋا گۈللەر قەلبىمدىكى تاتلىق سۆيگۈلىرىمنى ياشارتىپ كەلمەكتە ئىدى. ياز پەسلىدىكى سىم-سىم يامغۇر چاڭقاق دىلىمغا تەشنالىق بېرىپ تىنىمسىز چۈشمەكتە، كۈزدىكى قىزارغان ياپراقلار شىرىقلاپ چۈشۈپ، مېنىڭ تاتلىق چۈشكە ئوخشايدىغان ئاشۇ كۈندىكى گۈزەل تۇيغۇلىرىمنى غىدىقلاپ ئۆتمەكتە...

مەن چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە بىز ئۇچراشقان ئاشۇ كۈننى ئۇزاققىچە خىيال قىلدىم...

# سېرىنگۈل كوچىسى

باھار شۇ قەدەر گۈزەل، ئۇ مېنىڭ غۇۋا چۈشلىرىم ئىچىدە كۈيلىرىمگە مۇڭ قوشىدۇ. مەن سەن قالدۇرغان ئەزگۈ خىياللار ئىچىدە ئۆز-ئۆزۈمنى بەزلەيمەن. شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ھىدىڭ خۇددى باھاردەك مېنى مەھكەم قۇچاقلايدۇ. مەن شۇنچىلىك تەنھا. شۇنچىلىك بىمالال ھالدا مەن كۆرەلمەيدىغان، مەن سۆيەلمەيدىغان سېنى خىيال قىلىمەن. مەن ماڭىمەن، ماڭا تونۇش سېرىنگۈل ھىدى سەندەكلا يېقىملىق، سەندەكلا بىغۇبار. تولىمۇ ئۇزۇن سېرىنگۈل كوچىسى، مېنى ئەزگۈ خىياللار قايىنىمىغا باشلايدۇ.

مەن ماڭىمەن، خىياللىرىمدا سەن بىلەن سىردىشىپ، ساڭا ئېيتالمىغان ھەم مەڭگۈ ئېيتالمايدىغان يۈرەك سىرىمنى ئاستا-ئاستا تۆكىمەن. قۇياش كۈلىدۇ، سېرىنگۈل كوچىسى يورۇپ كېتىدۇ. دەل شۇ چاغدا مەن ئەڭ شېرىن ئازاب، ئەڭ شېرىن خىيال، ئەڭ شېرىن كۈي ئىچىدە ساڭا بەخت تىلەيمەن.

مەن ماڭىمەن، ھىلال ئايىنىڭ بىغۇبار شولىسى سەندەكلا ناتونۇش، سەندەكلا خىرامان ھالدا سېرىنگۈل كوچىسىنى غۇۋا ئوراپ تۇرىدۇ. مەن يوقاتقان، توختىماي ئىزدەۋاتقان سېنىڭ مېھرىسىز، شۇنداقلا پەرۋاسىز كۆزلىرىڭنى توختىماي خىيال قىلىمەن.

مەن ئاشۇ گۈزەل كوچىدا چۈشتىن ئويغىنىمەن. چۈش بىلەن رېئاللىق، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش ئارىسىدىكى ئاشۇ گۈزەل

كوچا ھەم ئۇزۇن كوچا، ئۆزىگە ئەزگۈ ھېسلارنى ئاتا قىلغان ئەڭ گۈزەل باھار پەسلىنى ئۇزىتىپ قويدۇ.

مەن ئەنە شۇ چاغدا مەڭگۈ، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان ھەسرەتسىز كۈيلەر ئىچىدە، چۈش بىلەن رېئاللىق ئارىسىدىكى تېڭىرقاپ يۈرگەن ئۆزۈمگە بەخت تىلەپ ئاستا پىچىرلايمەن.

# تەنها ئاي قىسسىسى

خىياللىرىم خىياللىرىڭدىن يانلاشقان ئاشۇ دەمدە، ئاي رۇجەكلەرگە باش قويدى.

كېچە ئاسمىنى روھ ناۋالىرىنى ئۇنسىز كۈيلەر ئىچىدە تىنىمسىز تەۋرەتتى. بارلىقىم سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتكەن ئاشۇ مىنۇتلار ساڭا بولغان سېغىنىشلار بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن، ئۇنسىز نىدالىرىمنى كۆرۈپ ئۆتكەن تەنها ئاي سۆيگۈ ھەققىدە قىسسە سۆزلەيدۇ. ئەسىرلىك غېرىبلىق ئۆزى ئۇچۇن تەنها كۈيلىرىنى باشلايدۇ.

سىرلىق كۆز قىسىشقان نۇرلۇق يۇلتۇزلار تۈنجى سەپىرىنى باشلىغان ئاشۇ دەملەر تىلسىم چۇشلەرنى كۆرۈپ ئۆتكىنىدە ھەسرەتسىز كۈي ھەققىدىكى سانسىز تەبىرلەر ھېلىھەم غىل-پال چاقنايدۇ.

سەرگەردان خىياللىرىم پەسىلسىز قۇشلارنىڭ قاناتلىرى ئاستىدا ۋەيرانە. كۆڭۈل گۈلخانلىرىمدا تاۋلانغان ھىجران زەنجىرى مېنى ھەم سېنى يوچۇن بىر كېچىگە باشلىماقتا.

قەلبىم ئېتىزى مېھرىڭدىن گۈل بولۇپ ياشنىغان، يورۇق تاڭلار بەخت ھەققىدە ناخشا باشلىغان، ئاينىڭ بىغۇبار چېھرى سېنىڭ كۆزلىرىڭگە چۆككەن ئاشۇ يورۇق كېچە سامانيولىنىڭ يىراق ئۇپۇق سىزىقلىرىدا ئۆزۈلمەس سۆيگۈ مېلودىيەسى تەنتەنىلىك ھالدا باشلىنىدۇ.

تەنها ئاي ئارامبەخش نۇرلىرىنى چاچقىنىدا، كۆڭۈل ئەينىكىمدە ۋىسالسىز ئىنتىزارلىق سەن تامان يول ئالدۇ.

مەڭگۈ ئاياغلاشماس بىر ئارمان تىتىلغان روھىمغا ئەلەملىك

باقماقتا.

شامالنىڭ ئاۋازى ئوتلۇق ھارارەتلەرنى توزىتالمىغىنىدەك، تەنھا ئاي رۇجەكلەر ئەپسانىسىنى يوچۇن كىچىلەردىن ھامان توختىماستىن ئىزدەيدۇ.

ئەسلىرىمدە قالغىنى سانىسىز يۇلتۇزلارغا تولغان ئۇزۇن بىر كېچە. خىيالىڭ رەڭگىدە بىزەلگەن چۈشلەر نەپىس كۆلكىلەرگە تولىمۇ ئوخشايدۇ.

چۈش بىلەن رېئاللىق، ئەسلىمە بىلەن خىيال ئوتتۇرىسىدا ئىككىمىز ھامان يىراقلىماقتىمىز.

ئىلاھا، گۈلگۈن ھېسلىرىمنى مەندىن ئېلىپ كەتمىگىن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ شادلىقىمنىڭ بارىسى.

سۇسىز چۆلدە قېلىشتىن قورقمايمەن، بىراق روھىمنىڭ قەلەندەرلەرچە ياششىدىن قورقىمەن.

بەختىمنىڭ قاناتلىرىنى كۆلكەڭنىڭ رەڭلىرى بىلەن رەڭلەپ ئۆتكىنىم ئېسىمدە.

كېچە، چۈشلەرنىڭ كۆلەڭگىسى ھامان يوچۇن خىياللارنى ئېزىقتۇرماقتا، تەنھا ئاي ئۆز قىسسىسىنى باشلايدۇ.

يۇلتۇز بارخانلىرى ئۈستىدە ئېچىلغىنى چوقۇمكى ئازاب گۈللىرى. كەل ئامرىقىم، ئاشۇ سىرلىق ھەم بىپايان كەچمىشلەر ئىچىدە غەرب ھەم شەرق تامان سۆيگۈ ھەققىدە قىسسە ئاڭلايلى!!!

كۆز يەتكۈسىز قىرغاقلاردا قىزغۇچ تۇمان سۇس يېنىپ تۇراتتى. مەن چۈشلىرىمدەك چەكسىز غۇۋالىق ئىچىدە ئۆزۈمنى ئاستا بەزلەيتتىم. ھال رەڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ يالت قىلىپ ئۆچكىنىدەك يېنىككىنە بىر ئۇمىد ماڭا ئارامبەخش ھېسلارنى سۇناتتى. قۇشلار ئۇيقۇغا چۆمگەن، زېمىن ئۆز سادالىرىنى

مەن ئۆزۈم ياسىۋالغان تەشنالىق بېزەكلىرى بى زىننەتلەنگەن ئاشۇ قەسىردە سېنى خىرامان ھالدا كۈتەتتىم.

رۇجەكلەردىن سىرغىۋاتقان غۇۋا ئاي نۇرى ماڭا چەك ئۈمىدلەرنى سۇناتتى.

كېچىنىڭ بۇ قەدەر گۈزەل يارىتىلغانلىقىنى بۇرۇنلا ھې قىلغان ئىدىم. توسقۇنسىز بىر شادلىق مېنى يېنىكـ تەۋرەتمەكتە، مەن ئۆزۈمگە تەۋە بولغان بارلىق يارقىن ھې ئىچىدە ئىككىمىزنى ئىزدەيتتىم.

مەن كۈتكەن مىنۇتلار چەكسىز يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكى يېنىككىنە بىر تىۋىش ئىشىكنىڭ يېنىدىلا توختاپ قالغانمى بەلكىم بىرلا قەدەم، بىرلا قەدەمدىن كېيىن ئىشىك يېنىكـ چېكىلىشى مۇمكىن.

# پىنھان كەچمىشلەر

پىنھان ھېسلىرىمنىڭ سەن ئۈچۈن ئەبەدىيلىككە مەھكۇم قىلىنغانلىقىدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن. كېچىلەر قوينىغا جىمجىت شۈڭگۈغان مىنۇتلىرىم، خىيال قۇشلىرىم سەن تامان يول ئالىدۇ. تارام-تارام نۇرلار ئىچىدە جۇلالاپ تۇرغان باھار كېچىسى ھېلىھەم ئېسىمدە، سېنىڭ ھىدلىرىڭدىن ئەنداز ئالغان باھار گۈللىرى ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ھەممە ئۆتمۈشكە ئايلانغان بولسىمۇ، ئۆزۈمگە تەۋە خىياللىرىم ئىچىدە، ئاشۇ خۇشال مىنۇتلارنىڭ ئەزگۈ ئەسلىمىسىگە غەرقمەن...

خىياللار ئەنە شۇ جايدىن باشلىنىدۇ. بەلكىم كىملەردۇر ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالغان بولۇشى مۇمكىن، يەنە كىملەر بولسا ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. ھەممىسى شۇنچە تېز ھەم جىمجىت يۈز بەرگىنى ئېنىق. يوللار ئۆزگەرگىنى يوق، ئۇ خۇددى خىيالدەك ئۇزۇن ۋە چۈشتەك بەھۇزۇر.

جىمجىتلىق ھەممە نەرسىنى يەپ تۈگەتمەكتە. سەن ئەنە شۇ بىپەرۋا تۇيغۇلىرىڭ ئىچىدە شۇ قەدەر خىرامانسەن. ئازابسىز ھەم ھىجرانسىز ياشىغىنىڭدىن بەخت ھېس قىلغىنىڭدىن ھەيرانمەن، بۇ بەلكىم ئەڭ مۇدھىش ئادىتىش بولسا كېرەك.

بارلىق تەنھالىق ئاۋازىمغا سىڭىپ كىرگىنىدە مەن ئەسلىمە بەتلىرىنى تىنماي ۋاراقلىدىم. يوچۇن خىياللار، خورلانغان ھېسلار دەۋرەپ كەلمەكتە. سېنىڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا ياشىغانلىقىڭ مېنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى. خىرەلەشكەن چۈشلىرىم مېنى ئاۋازىڭ تامان سۆرەپ ماڭغىنىدا مەن يەنىلا ھەيران قالدىم.

مەن چۈشەنسىز ياشىيالمايمەن. بۇ بەلكىم كۈلكىلىكتۇ، شۇندىمۇ ھېچكىمنىڭ كۈلگىنى يوق. يۇلتۇزلار تەكشى ئۆچكەن باھار كېچىسى بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ۋە مۇڭلۇق. يوللارنىڭ ئىككى تەرىپى ساپسېرىق گۈللەر بىلەن تولغان، خۇددى ھېچقاچان ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەكلا.

ئۈزۈلۈپ بۇزۇلغان كەچمىشلەر سۆيگۈ ھەققىدە قىسسە سۆزلەيدۇ. يوللارنىڭ نادىر كۈيلىرى ئەبجەش خىياللارنى يوچۇن يەرلەرگە باشلىماقتا. ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان تەنھالىق ناخشىسى ئۈزۈلمەس قۇشلارنى جەلپ قىلماقتا. ھايات مېلودىيەسىنىڭ بۇ قىسقىغىنە كۈيى كىملەرنىڭدۇر يۈرەك تارىنى توختىماي چېكىشى مۇمكىن. ئەسىر ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتلەر بەلكىم سۆيگۈنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ئەمەس.

چۈشلەر قوينىدىن سېنىڭ يارقىن سىمايىڭنى توختىماي ئىزدەپ يۈرگەنلىكىم ئۆزۈمگە شۇ قەدەر ئايان. تەلۋە ئاجىز كۈيلىرىمدىن باشلانغان چۈش ئەسلىمىلىرىم ئىچىدە تەنھالىق كۈيلىرىنى يەنە بىر قېتىم يېزىپ چىقىمەن.

# ئايرىلىش لىرىكىسى

— بىز «خوش» دېيىشمەيلى!

سەن ھەر قېتىم مۇشۇ گەپنى قىلاتتىڭ. مەن ھەمىشە مۇشۇ بىرلا ئېغىز گەپنى تالاي قېتىم خىيال قىلغاندىمەن. دىلىمدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى جۇدالىق ۋە سېغىنىش، كۆزلىرىمدىن ئۇچۇۋاتقىنى سېنىڭ مېھرىلىك سىمايىڭ، ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇلمايدىغان بىر ئەزگۈ پىراق. بىز «خوش» دېيىشمىدۇق... گويا چۈشلەردەك، جىمجىت خىيالدەك، پىنھان گۈگۈمدەك خالىي ھالدا بىر-بىرىمىزگە بەخت تىلەشتۇق.

كۆز يامغۇرى نەقەدەر بەھۇزۇر-ھە! ئۇ مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى ئاستا-ئاستا يۇماقتا. قۇشلاردەك يەڭگىل ئۇچقان شاماللار غازاڭلارنى ئۇچۇرماقتا. يول بويىدىكى ئارچا دەرەخلىرى سىرلىق پىچىرلاپ ئاخىرقى كەچ كۈزدىن دېرەك بەرمەكتە. مەن خىيال قىلاتتىم، خىياللارنىڭ چېكى يوقمىدۇ؟! ئۇ نېمانچە پىنھان ۋە رايىش. يەنە شۇ سىيما، يەنە شۇ ئاۋاز، «بىز ‹خوش› دېيىشمەيلى.» شۇنداق بىز «خوش» دېيىشمىدۇق.

قاچان، قەيەردە كۆرۈشىدىغانلىقىمىز نامەلۇم بولسىمۇ، قەلبىمىزدىكى گۈزەل، يارقىن بىر ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە شۇ قەدەر بەختىيار ياشىماقتىمىز.

يەنە شۇ كۈز، يەنە شۇ ئاۋاز... دىل قەسرىمگە ئۈن-تىنسىز ئورناپ كەتكەن ئاشۇ ئۆچمەس بىر خىيال ھېلىدىن ھېلىغا سېنىڭ تىۋىشلىرىڭنى ماڭا ھېس قىلدۇراتتى.

يەنە تونۇش ھىد، تونۇش تۇيغۇلار مېنىڭ بەختلىك چۈشلىرىمنى رەڭدار ھېسلار بىلەن بېزەپ كەلمەكتە.

ساپسېرىق سەبدەرلەر شۇ قەدەر جۇلالىق، شۇ قەدەر گۈزەل ئېچىلغانكى، مەن ھەيران قالدىم. سەبدەرگۈل نېمانچە گۈزەل ئېچىلغاندۇ، مانا بۇ ئالتۇن كۈز ئۇنىڭغا نەقەدەر ياراشقان ـ ھە!!

مەن سېرىق سەبدەرگە ئۇزاققىچە قارىدىم، ئۇنىڭدىكى ساپسېرىق جۇلاغا ئۇزاققىچە قارىدىم، سېرىق رەڭ ئەزەلدىنلا شۇنداق چىرايلىق رەڭمىدۇ. بىر دوستۇم دەيدىغان مەن سېرىق رەڭگە ئۆچ دەپ...

ئۇنىڭدىن كېيىنچە سورىدىم، سەن نېمىشقا سېرىق رەڭگە ئۆچ؟ ئەسلىدە دوستۇمنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى سېرىق ياغلىق ئارتىۋالىدىغان بىر قىز تارتىپ كېتىپتىكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ دوستۇم سېرىق رەڭگە شۇ قەدەر ئۆچ بوپ كېتىپتۇ...

سېرىق رەڭدىن لىباس كىيگەن ئالتۇن كۈز...

ھەممە يەر ئارامبەخش تۈيغۇلار بىلەن قاپلانغان...

شۇ دەقىقە سېنىڭ «بىز ‹خوش› دېيىشمەيلى» دېگەن سۆزلىرىڭ ئاڭلانماقتا...

يەنە شۇ سۆز، يەنە شۇ ئاۋاز...

# كۆتۈش (2)

ۋاقىت داۋام ئەتمەكتە. ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرگىلى بولمايدۇ. مەن سىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان، لېكىن سەن كەلمىگەن ئاشۇ كۈننى غېرىبسىنىش بىلەن ئۆتكۈزمەكتىمەن.

ھىجران چۆلىدە يەككە-يېگانە ھالدا سىنى كۈتمەكتىمەن. سېغىنىشنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەيمۇ، ئۇ يۈرەكلەردىن ئېتىلىپ چىقىدۇ، يۈرەكلەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بەلكىم سەن بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، بىلگەن بولساڭ مۇنچە ئۇزۇن ساقلاتمىغان بولاتتىڭ. مەن سىنى سېغىنغان، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا سىنىڭ يوللىرىڭغا قارىماقتىمەن. بىر يۈرەك كۆيىدۇ. ئەپيۈنگۈلنىڭ مەستخۇش پۇرىقىدەك يېقىملىق بىر ھىد تەلۋە خىياللىرىمغا سىڭىپ كىرمەكتە، مەن خىياللىرىمدا سىنى ھىدلىماق بولۇپ ئېتەكلىرىمنى كەڭرى يايدىم.

قوللىرىم ھاۋادا پۇلاڭلاپ قالدى. ئۈنسىز تەلپۈنۈش داۋام ئەتمەكتە. مەن ئاستا-ئاستا سېغىنىشلىرىم ئىچىگە كىرىپ كەتمەكتىمەن. ئادەمسىز بۇ كوچىدا مەن شۇنچىلىك يېگانە، شۇنچىلىك دەرمانسىز ھالدا سىنى سېغىنغان، يوللىرىڭغا تەشنا بولغان ھالدا ئىنتىزارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە سىنى كۈتمەكتىمەن.

سەن كۈتۈشنى بىلمەسەن ئەزىزىم، بەلكىم بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، بىلگەن بولساڭ بۇنچە ئۇزۇن ساقلاتمىغان بولاتتىڭ.

مەن خىيال قىلاتتىم. سەن مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئاشۇ

گـۈزەل دەقىقـىلەردە سـىنى ھـىدلاپ تـۇرۇپ، سـاڭا بارلىقىمنـى بېغىشلاپ تۇرۇپ ساڭا ئۆگىنىپ قويماقچىمۇ بولدۇم.

ئېھ مېنىڭ شېرىن خىيالىم، ئەگەر سەن كۆز ئالدىمدىلا زاھىر بولـساڭ مەن سـۈكۈت بىـلەن، ئىنتىزارلىـق بىـلەن، ئەڭ لەزىــز كۆيـۈش بىـلەن سـىنىڭ قوللىرىڭـنى تۇتـۇپ تـۇرۇپ، سـىنىڭ كۆزلىــرىڭگە تەلمـۈرۈپ تـۇرۇپ: «سـەنمۇ مېـنى سـېغىندىڭمۇ» دېيەلەرمەنمۇ ـ ھە!...

مەن ئاسـتا ـ ئاسـتا كۈتۈشـلىرىمنىڭ ئېقىـپ كېتىۋاتقانلىقىنـى ھېس قىلدىم، يۈرەكلىرىم ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك.

سېغىنىشلىرىم تارام ـ تارام بولۇپ تۆكۈلۈۋاتقاندەكلا تۇيۇلماقتا ئىدى.

سىنىڭ كېلىشىڭگىمۇ، كەلمەسلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيتتىم.

مەن پەقەت سـىنىڭ گويـا چۈشـتەك، گويـا خىيالـدەك كـۆز ئالدىمدا زاھىر بولۇپ قېلىشىڭنىلا تىلەيتتىم.

روھـىم ئېرىـپ كەتـمەكتە. يۈرىكىمنىـڭ كۆيۈشـلىرى تېخـى توختىغىنى يوق. چەكسىز تەشنالىق ۋە ئىپتىخارلىق بىـلەن سىنى كۈتمەكتىمەن.

ھايـــاتتىكى قىـــسقىغىنە مەۋجۇتلـــۇق داۋام ئەتـــمەكتە، دالىلاردىكى ياۋا گۈللەرمۇ سولاشماقتا ئىدى، خىياللىرىمـدا بالقىـپ تۇرغان ئۈنسىز بىر كۈتۈش تەلپۈنەتتى.

مەن ھەمىـشە سـىنىڭ بىـر ئېغىـز گېپىڭـنى خىيـال قىلىـپ قالاتتىم.

«ئىككىمىز ‹خوش› دېيىشمەيلى.»

بۇ سۆز ماڭـا شـۇ قەدەر يېقىملىـق بىلىنەتتىكى، گويـا باھـار شامىلىدەك، ئارامبەخش گۈلنىڭ شىۋىرلىشىدەك يېقىملىق ئىدى.

مەن شۇ دەقىقە، سەن «خوش» دېمىگەن، مەن «خوش» دېمىگەن ئاشۇ كۈننى خىيال قىلىپ قالدىم.

بەخت بىلەن گىرەلەشكەن ئاشۇ مىنۇتلار ھېلىھەم تەشۇنشلىرىمنى ئۇنسىز بەزلىمەكتە.

مەن ئىنتىزارلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرىدە شۇنچىلىك تەشنالىق، شۇنچىلىك بىغۇبارلىق ئىلكىدە سېنى كۈتمەكتىمەن، كۈتمەكتىمەن.

# ساددا تىنىقلار

مەن خىيالغا غەرق بولماقتىمەن. كۈتۈش بىلەن ئۆزىتىش، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش ئارىسىدىكى يىپسىز باغلىنىش ھىجرانىنىڭ تۈنجى ھېسلىرىنى ئويغاتماقتا. باھار قانچە قېتىم كېلىپ، قانچە قېتىم ئۆزىدى، گۈللەر سانسىز قېتىم ئېچىلىپ يەنە توزىدى، ئۈن-تىنسىز كۈتۈشلەر داۋام ئەتمەكتە. مەن ئېرىشىش مۆمكىنچىلىكى تولىمۇ يىراق بولغان ئاشۇ نامسىز قىرغاقلاردا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ يۈرمەكتىمەن.

مەن ئوخشىتىپ قالىمەن، بىرە-بىرە كىملەرگىدۇر ئوخشىتىمەن، چاقىرماق بولىمەن، چاقىرالمايمەن، گويا گاچا بولۇپ قالغاندەك. كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمەيمەن، خۇددى بارلىق كۈلكىلىرىمنى بىراۋ ئېلىپ كەتكەندەك...

باھارنىڭ ساددا تىنىقلىرى دىماقلارغا ئۇرۇلماقتا. كۆكتە ياڭراۋاتقىنى بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى باغلاپ تۇرغۇچى بىر گۈزەل مېلودىيە. ئۇ يىراقلاردىن سېنىڭ تونۇش، ئەمما خىرامان تىنىقلىرىڭنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھېلىدىن-ھېلىغا جىمىرلاپ تۇرغان بىھېساب ئارمانلار خىيالىمنىڭ چەكسىز بوشلۇقىدا سېنىڭ سۆيۈملۈك ئىسمىڭنى ئاستا چاقىرماقتا. مەن ئاخىرى ھېس قىلماقتىمەن، ئىنسانىنىڭ ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن تولىسى كۈتۈش بىلەن ئۆتىدىكەن.

كىشىلەر ئاشۇ نامسىز كۈتۈشلەر ئىچىدە نېمىلەرگىدۇ ئېرىشمەكچى بولۇشىدۇ، نېمىلەرنىدۇ ئارمان قىلىشىدۇ، نېمىلەرگىدۇ ئۈنسىز تەلپۈنىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئاشۇ گۈزەل دەقىقىلەر تەشۋىش بىلەن، ئۈمىد بىلەن، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە... كۈتمەكتە...

# گۈل قىسسىسى

شاماللارغا ئامراقمەن. ئاۋازىڭ تامان خۇش ھىدلىرىڭنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئېلىپ كېتىدۇ. خىيال تۇمانلىرى كۆزلىرىمنى توسۇۋالغىنىدا ھەر سەھەردە گۈل تۈۋىدە مەن يالغۇز.

مېنىڭ مۇڭلىرىم گۈل بىلەن باشلىنىپ، گۈل بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. گۈل پەسلىدە گۈل ھۆسنىدە سېنى، يەنىلا سېنى كۆرىمەن ئەزىزىم. ئاۋازىم جىرالاردا مۈگدەيدۇ، تۇيغۇلىرىم روھ قىيانلىرىدا ئاقىدۇ. شاماللار ئۆز لىرىكىسىنى باشلىغىنىدا سەن شېرىن ئۇيقۇغا غەرقسەن، غەمسىز بولغانلىقىڭ ئۈچۈن خىرامانسەن. تۈنلىرىمدە گۈل ھەمراھ. رەڭدار ئاۋازىڭ كۆك تۇمانلىرىنى يەلپۈتسە، مەن مەيۈس كۈلكەم بىلەن سېنى ئۈزىتىمەن. قەلبىم چىمەنزارلىقىدا ئېچىلغان گۈلسەن، چاڭقىغان ھېسلىرىمدا چاقنىغان نۇرسەن. شاماللار خىياللىرىڭنى يەلپۈتكىنىدە غەمسىز بولغانلىقىڭ ئۈچۈن شۇنچە خىرامانسەن. قۇرۇغان لەۋلىرىم گۈللەرنى ھىدلايدۇ، يۇمران ئاۋازىڭ مېھرىم بوستانلىقىنى كۈيلەيدۇ، باھارغا بولغان مۇشتاقلىق، گۈلگە بولغان ئاشىقلىق دىل ھەسرىتىمنى يەلپۈپ ئۆتىدۇ. چەكسىز نۇر دالاسى سېنى سۆيۈپ ئۆتكەن خىياللار گۈل ھەققىدە قىسسە سۆزلەيدۇ. ئۇيقۇ مېلودىيەسىگە تەڭكەش بولغان ھەر سەھەر گۈل تۈۋىدە مەن يالغۇز...

# باھار تۈنگەن يەر

باھار سەلكىندىن تاراۋاتقان ئىللىق ھىد سېنىڭ تىنىقلىرىڭنى ئەسلەتتى، دۇنيا ئۆز چۈشلىرىگە مەشغۇل.

ئاشۇ ساددا ھېسلاردىن سېنىڭ سىيمايىڭنى ئىزدىمەكچى بولىمەن. شادىمان خىياللىرىمنىڭ تۈنجى سەلكىنى بەلكىم سەن، ئورمانلار ئۈنىڭدا ئۇچىدۇ، شاماللار باغرىڭدا يىغلايدۇ.

ياپيۇزلارنىڭ پىچىرلاشلىرى ماڭا قەدىمىي، تولىمۇ قەدىمىي ناخشىلارنى ئېسىمگە سالىدۇ.

ئۈمىد چېچەكلىرىم باھار پېتى سېنىڭ كۆيلىرىڭدىن توزۇپ كېتىدۇ. ھەشەمەتسىز خىياللار ھارغىنلىق كۆيىگە جور بولغىلى نىكەم. مەن يەنە دىل ھەسرىتىم ئۇچۇن شۇنچە ئۇزۇن ياش تۆكىمەن. شاماللار كەچمىشىدىن زاھىر بولمىش رېئاللىق ئۆز قىسسىسىنى كىملەرگىدۇر سۆزلەيدۇ. يوللار ھارغىن، دىللار شىكەستىلەنگەن.

كېتىۋەر، مەۋھۇم بوشلۇقلاردا ھەممە چۈشكە ئايلانسۇن. كېتىۋەر، بارلىق خىرامانلىق سېنىڭ بىلەن كېتىپ، مەيلى ياش قىيانى مېنىڭ ئۇچۇن ھەسرەتلىك قىسمەتلەرنى يازسۇن.

سېنى تۈتۈپ قالالمايمەن، خۇددى گۇللەر باھارنى مەڭگۇ تۇتۇپ قالالمىغاندەك. سېنى تۈتۈپ قالالمايمەن، خۇددى كېچە يورۇق تاڭنى تۇتۇپ قالالمىغاندەك.

قەلبىم بېغىدا مېۋىلىرىڭ چېچەكلەيدۇ، يالقۇنلۇق سادالار كىملەرگىدۇر قىسسە سۆزلەيدۇ.

سەن بىر قولۋاق، مەندىن ھامان يىراقلايسەن. سەن بىر ئورمان، ھامان بىر كۆنى ياپراق تاشلايسەن.

دۇنيا مالامەتلىرىگە مەشغۇل كىچە باھارىستاننى تىنماي سىغىنىندۇ. ئادەملەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ، خۇددى باھاردىكى ئەگۆزگە ئوخشاش.

مايسارەڭ خىياللار بەرق ئۇرۇپ چىچەكلىگەن، قۇشلارنىڭ سايرىشى دىللارنى لەرزىگە سالغان شۇنداق بىر كۈنى مەن باھارنى تىنماي كۈيلەيمەن.

قەلبىم پەرۋازى سىنىڭ كۈيلىرىڭگە بىر ئۆمۈر تەڭكەش بولدى، خىياللار سەندىن باشلاندى، يەنە سەندە ئاخىرلاشتى.

بۇ يەردە بىر چۈش، بىر قىسسە بار، يوللار ئۇنى ئوقۇيدۇ، جىرالار ئۇنى كۈيلەيدۇ، باھار بۇ يەردە تۇنەيدۇ.

# ئەزگۈ ھەسرەتلەر

قەلبىمدىكى غەمكىن ناخشا باشلانماقتا. بۇ ناخشا مېنىڭ كۆز ياشلىرىمدىن پۈتۈلگەن بۇ ئاھاڭ بىلەن رەڭلىنىپ ئەسىرلىك غېرىبلىقلارنى تامام ئۇنتۇلدۇرماقتا. سېغىنىش چۆللىرىدە ئۈن-تىنسىز كۆيۈۋاتقان ھىجراننىڭ رەڭگىدە سارغايغان يوللار مېنى يەنىلا ئۇزاق-ئۇزاق، ئۇزاقلارغا باشلايدۇ. چۈش بىلەن رېئاللىق، ئۇنتۇش بىلەن ئەسلەش ئوتتۇرىسىدا باغلانغان كۆرۈنمەس يىپلار شۇ قەدەر سۇزۇك خىيال قەترىلىرىمنى تىترىتىپ ئۆتمەكتە.

كۆزلىرىمدىن پىغان تۆكۈلمەكتە. مەن ياشلىرىمنى كۆرەلمەيمەن. چۈنكى سەن قالدۇرغان غۇۋا كەچمىشلەر ماڭا ئەبەدىلئەبەد يا يانالمايدىغان، يا ئۆچەلمەيدىغان تەنھا ھېسلارنى ئاپىرىدە قىلغان ئەمەسمۇ...

تۆكۈلۈش... ھەممە نەرسە تۆكۈلمەكتە، يول بويىدىكى ئارچىلارنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلمەكتە...

يەسمەنگۈلنىڭ بەرگىلىرىمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى، كۆكتىن يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ كەتتى، ئاي ھەتتا قۇياشمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى. تۆكۈلۈش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مەن ئۆزۈمگە سوئال تاشلايتتىم.

كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلمەكتە، لېكىن مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن. ئىسسىق ياشلىرىم ئەسىرلىك تەشنالىقلىرىمنى ئاستا-ئاستا ھۆللىمەكتە. غازاڭلار شىرىقلايدۇ، بۇ شىرىقلاش كىشىلەرنى ھەر خىل خىياللارغا باشلىشى مۇمكىن. غازاڭلار شىرىقلايدۇ، ھەممە نەرسە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ، ھەتتا ناخشىلارمۇ. بىراق يەنىلا ئۇنتۇلمايدىغان نەرسىلەرمۇ بارغۇ، ھەتتا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

شۇ قەدەر جۇلالاپ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇرلىنىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ، مەسىلەن، نېمە؟... مەن ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم!!!

بۇ دۇنيادا نۇرغۇن نەرسىلەرگە جاۋاب بېرىلمىگەن، سەۋەبى ئۇنىڭ جاۋابى بولمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەڭ توغرا جاۋابنىڭ تېپىلماسلىقىدا.... غازاڭلار شىرىلدايدۇ، ناخشىدەك گۈزەل، خىيالدەك ئەزگۈ ئاھاڭدا.

مەن سىېنىڭ كۆلكەڭ بىلەن رەڭلەنگەن بۇ گۈزەل كوچىدا ھەممە نەرسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ماڭماقتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە سېنىڭ مېھرىڭ قاراشلىرىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ، مەن يەنىلا ھەممىنى ئارقىدا قالدۇرماقتىمەن.

خەيرىيەت، غازاڭلار شىرىلدايدۇ. بۇ ئەزگۈ مىنۇتلارنى كۆڭۈل خاتىرەمگە ئاستا-ئاستا سىڭدۈرۈپ ئۆزۈمدىن يىراقلىماقچى بولدۇم. سەنمۇ بىر كۈنلەردە مۇشۇ يولدا تالايلىغان خاتىرىلەرنى ۋاراقلىماقچى بولۇپ يۈمشاق ئاياغلىرىڭ بىلەن مېڭىپ ئۆتەرسەنمۇ؟ ئەنە شۇ چاغدا مېنىڭ خورىغان ھېسلىرىم ساڭا سۆيگۈ ھەققىدە شۇ قەدەر مىسكىن چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن.

مەن يىراقلاپ كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەنلىكىمنى كۆرەلمەيمەن. مەن يىراقلىشىشىم مۇمكىن، ھەتتا چېكىتكە ئايلانغانغا قەدەر. مېنىڭ ساڭا قالدۇرغىنىم شۇ قەدەر سۈزۈك ھېسلار بولسىمۇ، سېنىڭ پەرق قىلالماسلىقىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

مەن غايەت زور ئوت يالقۇنى ئىچىدە تۇرۇپمۇ سەن بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن قوللىرىمنى كۆتۈردۈم، گەرچە لەۋلىرىمدىن «خەير-خوش» دېگەن ئاۋاز چىقمىغان بولسىمۇ، كۆز ياشلىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئۇزاتتىم، چۈنكى سەن خوشلىشىشقا شۇ قەدەر ئۆچ...

# ھاياتلىق ھەقىدە

خىياللىرىمنىڭ ئاراچلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان غەمكىن ھېسلار ھايات ھەقىدە قايغۇلۇق ناخشىلارغا جور بولماقتا. باغلار شادىمان قۇشلارنىڭ ناۋاسىدىن يېگى بىر مەۋسۇمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشقان. كەڭ قىرلاردا ئېچىلغىنى رەڭسىز مۇھەببەت گۈلى. غەرىبكە قىيسايغان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا يالت-يۇلت چاقناۋاتقان تەنھا رۇجەكلەر نامەلۇم ئەسلىمىلەر ئىچىدە مەست-ئەلەس.

سۇلارنىڭ ئاۋازى، سولغۇن كوچىلار، نېمەتسىز داللار، ئۆزى ھەقىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەن.

رېئاللىقنىڭ سەرسان كوچىلىرىدا ئەس-ھوشىنى يوقاتقان كەچمىشلەر غەمسىز كىشلەرنى توختىماي ئىزدەيدۇ.

تەقدىر ھارۋىسى دۇنيانى تەرك ئەتكەن ئېغىر خىياللار ئىلكىدە چەكسىز ھالسىرايدۇ.

چۈشلەر يېتىمسىرىغان، يوللار يېگانىلىككە تولغان، باللار يۇلتۇزلۇق كېچىلەرنى سېغىنغان شۇنداق بىر كۈنى رەھىمسىز ئۆلۈمنىڭ مۇدھىش سايىسى، ھەرقانداق بەندىسىنى ۋەھىمىگە سالماي قويمايدۇ. ئۆلۈم ھەقىقىدىكى مەرسىيەلەر قانچىكى قورقۇنچلۇق بولمىسۇن، ئۇنى كىشلەرنىڭ تاللاش ھوقۇقى ھەرگىز بولمايدۇ.

روھ ھەقىقىدىكى گۈزەل تىلسىماتلار قانچىكى سىرلىق بولمىسۇن، ئۇ شۇنچە دەبدەبىلىك.

ئاسىيلىق ھەقىدە خىيال سۈرۈش گەرچە شەپقەتسىزلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچكىممۇ بۇنىڭغا تەن بەرگەن ئەمەس.

يالغۇچ كۈچلار ئۆز ـ ئۆزىنى دەسسەپ ماڭغىنىدا، قىينالغان جانلارنىڭ ۋايساشلىرىغا قۇلاق سېلىپ باققىنى يوق. جۇلدۇر كىيىمىن خىياللار ماكانسىز چۈشلەرنى يول بويىدىكى رەڭسىز مۇھەببەت گۈللىرىگە ئېسىپ قويۇشىدۇ.

هايات ھەققىدىكى يېڭىدىن ـ يېڭى پەلسەپىلەر كىشىلەرنى ۋەھىمە قوينىغا باشلايدۇ.

تۇندىكى غېرىبلىق جان ـ جېنىمدىن ئۆتكەندە، خىيال قۇشلىرىم چۈشىنىكسىز تىللاردا چۇرۇقلايدۇ.

يامغۇرسىز داللار قاغجىراق كۆيلەرنى يالاڭ ئاياغ باللارغا سوۋغا قىلىشىدۇ. دۇنيا ئەسلىمە ئىچىدە غەرق بولغان، ئاچلارنىڭ دەردىنى تۇقلار بىلمىگەن مەلۇم بىر كۈنى پەقەت دىيانەتلىك ئىنسانلارلا ئۆز گۇناھلىرىنى ئۆلۈم ئالدىدىن تىلەپ زار ـ زار ياش تۆكۈشىدۇ.

روھ باياۋانىنىڭ چوڭقۇر باغرىدا تۇنگەن ئېھتىماللىقنىڭ مەۋھۇم شەكىللىرى كىشىلەرگە مەڭگۈ سىرلىق ھېكمەتلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ.

ھاياتلىق پىرىستانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىگە كىمنىڭ بۇرۇن، كىمنىڭ كېيىن يېتىپ بېرىشى نامەلۇم بولسىمۇ، بىراق ھەممىمىزنىڭ يېتىپ بارىدىغانلىقى ھەقىقەت...

## كۈتۈش (3)

ئاۋازىڭ مەجنۇنتاللارنى يەلپۈتىدۇ، ئالەم جىمجىت سۈكۈتكە پاتىدۇ. سەن تاڭنىڭ مەيىن شامىلى، يىراقلارغا ئۇچقىنىڭ ئۇچقان. ھەسرەتلىك كۆزلىرىم بىلەن ئوتتەك مېھرىڭنى قۇچاقلايمەن، بىز ئاشۇنداق ھاياتنىڭ قىزغىن دەقىقىلىرىدە ئۇچرىشىپ قالغان. مەيلى دىلبىرىم گۈللەر قىسسىسىنى سۆزلىسۇن، يوللار شېرىن ھېسلىرىغا چۆمۈلسۇن، سەھەر شەبنەملىرى ئازابلىق نالىلەرگە تولمىسۇن، بىز يەنىلا يىراقلايمىز...

خۇددى گۈلگۈن خىياللار ئارىمىزدىن يىراقلىغاندەك، مەنزىللەر ئۇزۇن، بىز ھامان ھالسىرايمىز، خۇددى قاسىراق تاشلىغان خىياللاردەك. تاڭلار جۇلالايدۇ، ئالەم گاھى تۈن، گاھى ماھى تابانلارغا چۆمىدۇ، لېكىن بىز بىر-بىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز.

لېكىن مېھرىمىز بىلەن ئوتتەك ھېسلىرىمىزنى سىلاپ قويىمىز.

مەڭگۈ قايتىلانماس ئارمانسەن، ھىجرانىم پەرۋازىڭدا كۆكلەيدۇ، خىياللىرىم ئاۋازلىرىڭغا سىڭىدۇ. چۈشلەر ئالماشقان ھېسلارنى ئىزدەپ ئاۋارە. دىلىم ۋە تىلىم بىلەن ئاشۇ تىلسىملىرىڭنى كۈيلەيمەن. بەختىنىڭ گۈلگۈن پەسلىدە سېنى ئۇچراتتىم، خىياللىرىمدا ئازابلىرىڭنى كۆيلىدىم، خۇددى بۇلبۇل تاڭ ساباسىنى كۈيلىگەندەك.

ئالەم مالامەتلىرىدە دىل پىنھانلىرىم ئاشۇ ئازابسىز، ھىجرانسىز كۈيلىرىڭنى ئوقۇماقچى بولىدۇ.

يوللار ئۆز چۈشلىرىگە تەبىر ئىزدەيدۇ، دەل ئاشۇ يەردە مېنىڭ پىنھان تىۋىشلىرىم جىمجىت مۈگدەيدۇ.

ئارمانلىرىم ئىچىدە ئارمانلىرىڭنى كۆرىمەن، ئۈنى ئوقۇيمەن، تەنھا كۈيلەيمەن.

زارىقىش، كۈتۈشلەرگە تولغان قەلب دالالىرىمدا سېنى كۈتكىنىم كۈتكەن.

بىلىمەن، سەن كەلمەيسەن، خۇددى خىياللاردەك تاسادىپىي، چۈشلەردەك مەۋھۇم، ئورمانلاردەك خىرامان ھالدا كەلمەيسەن.

كىرپىكلىرىم جۈپلەنگەن، باھار شەبنەملىرىدەك ئىسسىق ياشلىرىمدا بىر سېنى، ياق گۈلگۈن خىياللىرىمنى كۈتىمەن.

# سۈكۈت

كېچە سۈكۈتلىرىگە سېغىنىشلىرىمنى يېزىپ چىقىمەن، بىر قۇر-بىر قۇردىن. يامغۇرلار رىسالىسى مىسكىن تاراملايدۇ.

ئاشۇ بىغەم خىرامانلىقىڭ بىلەن ئەزگۈلۈككە يول ئاچقانسەن. ئاۋازىم ئاۋازىڭغا، ھېسلىرىم ھېسلىرىڭغا سىڭىشكەندىلا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلغانمەن. گۈللەر خىرامان، يوللار ھارغىن، كۆيلەر بىر-بىرىگە چىرماشقان. يوللار ئۆز ئەپسانىسىنى جىمجىت باشلايدۇ. ئەبەدىي ئۆچمەس گۈزەل ئەستىلىك دىللارغا گاھى ئاراملىق، گاھى مالاللىق ئىزنالىرىنى سېلىپ ئۆتىدۇ. بەختىم بەختىڭدىن باشلانغان، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىم سەندە بىخلانغان.

چۈشلەر ئالىمىدە بەك ئۇزۇن، بەكمۇ ئۇزۇن پەرىشان خىياللىرىمنى بەزلەپ يۈرگەندىمەن، تىمتاسلىق ۋە سۈكۈتكە مىلەنگەن ھېسلىرىمنى قامالالاپ يۈرگەندىمەن. ئەيتاۋۇر مەن شۈنداق قىلدىم. باھاردىن يازغا، يازدىن قىشقا، خىيالىي چاقنىغان كۆزلىرىڭدىكى ئەڭ يارقىن ئۇچقۇن ھايات بېغىمنى رەڭدار ھېسلارغا ئوراپ كەلگەندىن بۇيان دىل گۈلىستانىمدا دەستە-دەستە باھار ئۈندى، مەن ئۈنى كۆيلىدىم، ئەڭ نەپىس كۆيلەر بىلەن.

خىيال پەرۋازىم ئاۋارە ھېسلىرىمنى ئويغىتىپ ئۆتتى. مېھىر بوستانىمدا سەن بىر خۇش پۇراق گۈل، لېكىن ئۈزۈشكە قولۇم بارمايدۇ. مەن سېنى كۈتىمەن، ھەتتا ئاخىرقى كەچ كۈزگە قەدەر.

قەلبىمدىكى كۆمۈلگەن ئىستەكلەرنىڭ ئۈنسىز نالىسىگە شۇ قەدەر كۆنۈكمەن. ئاسمان كۈلۈپ تۇرۇپ يامغۇر تۆككىنىدەك، مەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ھەسرەت تۆكىمەن.

سەرسان خىياللىرىم ئۈمىد مەدھىيەلىرىنى جىمجىت بەزلەيدۇ. كېچە ئايسىز، يوللار ئادەمسىز.

كۆڭۈل پىغانلىرىمنى سەن ئۈچۈن ئەبەدىيلىككە دەپنە قىلغانمەن، سېنىڭ ئىسمىڭنى پىچىرلايدىغان گۈللەرگە مەپتۇنمەن، چۈشلەر ئالىمىدە يىگانىمەن. خىيال بۆلەنگۈچلىرىدە يەنە قانچە ئۇزۇن تەۋرىنىشىم مۇمكىن، خۇددى ئەركىن قۇشلاردەك. ئېھ دىل قەسرىمنى قامال قىلغۇچى، تاڭ ناۋاسىدەك مۇڭلۇق كۈيۈڭنى باشلىغىن، تاكى ھەممە ئۆتمۈشكە ئايلانغانغا قەدەر.

باراقسان خىياللىرىمدا سۈكۈتلىرىم تۈنەيدۇ. ئالەم مالامەتلىرىدە سەن يىگانىلىككە يول ئالغۇچى.

سەن بارلىق بىغەملىكنى زىكىر قىلغان ئۈمىدۋار، لېكىن تەنھا يولۇچى، ئىشەنگىنكى بىز ھامان ئۇچرىشىمىز.

نامەلۇم ئۆتەڭلەردە...

# ھەممە ئۆتمۈشكە ئايلاندى

مەن چوڭقۇر ئىزتىراپتىن ئۈنسىز ھالسىرىغان ھالدا ھېلىدىن-ھېلىغا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ سۈسقىنە چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ ساڭا بەخت تىلىدىم، بەختلىك بول ئەزىزىم...

سەن ئاڭلىمايسەن، چۈنكى سەن بۇ خىل ئەزگۈ ھېسلاردىن چوڭقۇر سېغىنىشلارغا تولغان بۇ خىل ھېجراندىن شۇ قەدەر مۇستەسنا، شۇ قەدەر خىرامان...

مەن ئاشۇ ئۇزۇن كوچىدا ياۋا گۈللەرنىڭ سۇسقىنە پۇرىقىغا چۆمۈلۈپ كۆڭۈل ئىزتىراپلىرىمنى يوشۇرماقچى بولدۇم...

سەن ھېس قىلىشىڭ كېرەك، دۇنيادا پەقەت چىن سۆيگۈلا كىشىگە ئۆمۈرلۈك بەخت ئاتا قىلالايدىغانلىقىغا!!!

غازاڭ پەسلى ئۇ ھەرگىزمۇ ھالاكەتنىڭ باشلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە بىر باھارنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ...

يەنە بىر باھار، يەنە بىر باھار، بىلگىنىكى ئەزىزىم، باھارنىڭ ياندۇرقىسى ھەرگىزمۇ بالدۇرقىغا ئوخشىمايدۇ!

مەن سېنى ئۈنتۇش ئۈچۈنلا ئەسلەيمەن، بۇ بەلكىم تولىمۇ كۈلكىلىكتۇ، لېكىن سەن كۈلمىگىن، چۈنكى مەن ئەنسىرەيمەن، سېنىڭ چىن دىلىڭدىن كۈلەلمەسلىكىڭدىن!!!

كۈز غازاڭلىرى ئايىغىم ئاستىدا شىرىقلايدۇ، بۇ ئاۋاز ماڭا سۆيگۈ ھەققىدىكى ئۇزۇلمەس مېلودىيەلەرنى ئاستا-ئاستا ئەسلەتمەكتە.

مەن تەگسىز خىياللارغا غەرق بولدۇم... يىغىغىمۇ، كۈلكىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر ئاۋاز ھېلىدىن-ھېلىغا قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. ئۈنتۇش شۇنچە ئاسان بولسا دۇنيادا ئازاب بولمىغان بولاتتى.

# چاڭقاق كۆيلەشلەر

قەلبىمنىڭ ئەڭ يوچۇن پىنھانلىرىدا جىمجىت ئاۋازىڭ، مېھرىم چوڭقۇرلۇقىدا يېقىملىق كۈلكەڭ، ئازابسىز خىياللىرىمدا يېگانىسەن. پەسىللەر سېنىڭ جىمجىت نىگاھلىرىڭدا تۈنەيدۇ. ئۇيقۇلار مەستخۇشلۇقىڭنى كۆيلەيدۇ.

ساڭا بولغان تەشنالىقىم مەزگىلسىز ئازابلارغا باش قويغان، دىل خىرامانلىقىم شادلىقىڭ تامان ئۇچقان ئاشۇ پەيتلەر چاڭقاق روھىمدا سېنى توختىماي سېغىنىمەن. پارلاپ تۇرغان خىياللىرىمدا سېنىڭ زىبالىقىڭ، قايناق ھېسلىرىمدا خىرامانلىقىڭ ياشنايدۇ. ئازابسىز ھىجرانغا مەشغۇل كېچىلەر يېگانىلىكىم ئۇچۇن ياش تۆكىمەن.

سېغىنىش چۆللىرىدە پايخان بولغان خىياللىرىم ئاۋارە ھېسلىرىمدا ساڭا، پەقەت ساڭىلا مەدھىيەلەر ياغدۇرىدۇ.

سېنى تونۇغان، سېنى ئۇچراتقان ئاشۇ قىزغىن دەملەرنى ھېلىھەم خىيال قىلىمەن، خۇددى باھاردىكى چوغلۇق گۈلدەك.

رەھىمسىز ئاياغلىششقا شۇ قەدەر ئۆچمەن، يېپيېڭى خىياللىرىمدا سېنىڭ غۇبارسىز كۈلۈشلىرىڭنى تىنماي ئەسكە ئالىمەن.

تالايلىغان كېچە ۋە كۈندۈزلەر ئاياغلاشتى، ئاشۇ پىنھان كۈتۈشلەردە، ئاخىرلاشماس خىياللاردا ھەممە ئاخىرلاشتى. بەختلىك دەملەرنىڭ شېرىن ئەسلىمىسى ئىچىدە بىر ئەبەدىي جىمجىت سۆكۈناتلا تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. ئىككىمىزنىڭ پىنھانلىرىدا ئەگىپ يۈرگەن خىيال شۇ قەدەر دەبدەبىلىك ھەم بۈيۈكلۈككە ئىگىدۇر.

دىلىم تىلسىملىرىدا نىگاھلىرىڭنى پەپىلەيمەن، قەلبىم سۈكۈناتلىرىدا ناتىۋان ھېسلىرىڭغا تەشنامەن.

سېغىنىش ئازابلىرىدا ھالسىرىغان تەنلىرىم سۆيگۈ يامغۇرىدا ھۆللەندى.

دەرمانسىز خىياللىرىمدا سېنى كۈيلىدىم، ماغدۇرسىز ھېسلىرىمدا سېنى ھىدلىدىم، كۆزلىرىم يولۇڭدا، تەشنالىقىم دىلىمدا...

# دىل ياپراقلىرى

پەسلىسىز قۇشلارنىڭ يۇمشاق قاناتلىرى خىياللىرىم تامان ئەگىيدۇ، سۇلارنىڭ ئاۋازى، ئورمانلارنىڭ ئۇھسىنىشلىرى دىل تارىمنى چېكىپ ئۆتىدۇ. سۇلاردەك سىزىپ ھەسرەتتە، بۇلۇتلاردەك پىنھانلىقتا، يۇلتۇزلاردەك يېگانىلىكتە سېنى شۇ قەدەر سېغىنىمەن. دىل ۋە تىلىم بىلەن ناتىۋانلىقىڭنى كۈيلەيمەن. ياشنىغان تاغلار، كۆتۈرۈلگەن قۇياش سىمايىڭنى ئەسلىتىدۇ. ئارماندەك گۈزەل جىلۋىلەر، چۈشتىكى نادىرلىق سېنى ئۇنتۇلدۇرالىغان ئەمەس.

قەلبىم ھەم مېھرىم بىلەن سېنى سېغىنىمەن. مەڭگۈ، مەڭگۈ، خورىماس كۈي، يارقىن بىر جىلۋە ئەڭ يارقىن تۈيغۇلاردا نامايانغۇر.

زارىققان ھېسلاردا ئىسمىڭنى زىكىر قىلغان قۇشلارغا ئىلتىجا قىلىمەن. مەستخۇشلۇقۇڭدىن ئەندىز ئالغان گۈللەرگە پىچىرلايمەن. شۇنچە مەسۇم، شۇنچە پاراسەتتە، باھار يامغۇرىدەك سۆيۈملۈك جىلۋەڭ ماڭا نەپىس كۈلكىلەرنى، ھۇزۇرلۇق خىياللارنى ئىنئام قىلىدۇ. دىل ياپراقلىرىمدا بىرلا ئۆزۈڭ يەلپۈنىسەن، يەلپۈنىسەن!!

خىيال بارخانلىرىمدا ئەگىگەن ھېسلىرىم كۈيلىرىڭگە لەۋلەر تىلسىمىنى يېزىپ چىقىدۇ، شۇ قەدەر مەغرۇرسەن.

چۈشلەردەك خىرامانسەن، ئىشق باياۋىنىدا سېنى كۈيلىدىم، دەرەخلەردەك مەغرۇرلۇقتا، يۇلتۇزلاردەك پىنھانلىقتا.

ھىدلىرىڭدىن ھىدلىرىمغا، ئاتەشلىرىڭدىن نالەشلىرىمگە كۆچىمەن. خىياللىرىمدا يارقىنسەن، دىل پىغانلىرىمدا زاھىرسەن. كۈيلەردىن كۈيلەرگە، مېھرلەردىن مېھرلەرگە سەنلا ئۆزۈڭ

ئاققۇچى. ئىشق سادالىرىڭدا مەڭگۈ ياڭراقسەن. پاكىز خىياللىرىڭدىن ئىزنىمنى ئىزدەيمەن، ھەر بىر نەپىس تاڭلاردا مېھرىڭنى كۈيلەيمەن.

جۈرئەتلىرىمدە قىممەتلەك سۆيۈشلەرنى قىياس قىلىمەن، تىمتاس چۈشلەرنىڭ ھەر بىر سۈكۈتلىرىدە پارلاپ تۇرغان چېھرىڭنى سىزىپ چىقىمەن.

مەن خىيال ئىچىدە خىيالسىز ياشايمەن، بارلىق خىرامانلىقنى يوشۇرغان كۆزلىرىڭگە چۆكۈپ تۇرۇپمۇ «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلىمايمەن، روھىم تۇپراقلىرىدا نەمخۇش ھىدلىرىڭغا زارۇ زارمەن.

سۆيگۈ جاملىرىدا تولدۇرۇلغان مەيسەن. مېھرىم زارلىقىدا چاك-چاك لەۋلىرىمدە ئىنتىزارمەن! ئىنتىزارمەن!

# ساگا ئېيتار سۆزۈم بار

ساگا ئېيتار سۆزۈم بار، كۆڭۈل يارامغا ئازابلىق ئۇنلەشلەرنى ھەدىيە قىلغان ئاشۇ خىياللارنى تىتىپ ئولتۇرۇپ ھەسرەت ھەققىدە سۆزلەيمەن، ھەر بىر گىياھلارغا. سانسىز ياپراقلار يېلىنجاپ تۇرغان ئاشۇ كۈنى، ساگا ئېيتار سۆزۈم بار. تىنىقلىرىم ئەزگۈ ھاياجاندا لالەرەڭ تۇسكە كىرگەندە، مەدھىيەلەر بارلىقىڭ ھەققىدە قىسسە سۆزلىگەندە، ساگا ئېيتار سۆزۈم بار. ۋىسال دەرىخىنىڭ ئاخىرقى يوپۇرمىقى زېمىن نالەشلىرىگە جور بولغانغا قەدەر ساگا ئېيتار سۆزۈم بار. ئۇنتۇش ۋە ئەسلەشنىڭ بارلىق ھاسىلاتىنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرى ئازاب دەرياسىغا غەرق بولغانغا قەدەر ساگا ئېيتار سۆزۈم بار. مەيلى ھەسرەتلىك زىمىستان پەسلى ۋە ياكى رەڭگارەڭ باھارغا قەدەر، سۆيگۈ-ساداقەت، ئازاب-مۇشەققەت ھەققىدە ساگا ئېيتار سۆزۈم بار. قەلبىم تەختىنىڭ يېگانە سۇلتانى، بەخت ھۆجرىسىنىڭ قەدىرلىك مېھمانى بولغان ساگا ئېيتار سۆزۈم بار. مەۋھۇم بوشلۇقلاردا بىتچىت بولغان خىياللىرىمدا سېنى ئىزدەيمەن، چۈش قەسرىنىڭ چەكسىز دالالىرىدا سېنى ئىزدەيمەن، سەرسانلىقتىن پۈتۈلگەن ھاياتىمدا، مېھىر بوستانىمدا سېنى ئىزدەيمەن. ئۇنتۇشلار گىرەلەشكەن، ھەسرەتلىك كۆز پەسلىدەك ئاخىرقى يوپۇرماقلار تامام تۆكۈلگەن شۇنداق بىر كۈنى ساگا ئېيتار سۆزۈم بار... روھ چىرىغىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى قەلبىم قاراڭغۇلۇقىنى غىل-پال يورۇتالىغانغا قەدەر، باھاررەڭ سۈس چاقنىغان خۇش ھىدلىرىڭ روھىم گۈلزارىغا يامغۇر بولۇپ ياغقانغا قەدەر ساگا ئېيتار سۆزۈم بار. باھار شامالسىز، گۈللەر ھىجرانسىز، يوللار ھارغىن ھېسلارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلانغان شۇنداق بىر كۈنى يامغۇردەك يۇم-يۇم يىغلاپ تۇرۇپ ساگا ئېيتار سۆزۈم بار...

# ئازاب ھەققىدە

مۇشـەققەتلىك خىيـاللىرىم ئۇپرىغـان تەنلىرىمـنى سـىلايدۇ، يۇمران ئاۋازىڭ تۇيغۇلىرىمنى غىدىقلايدۇ، جانلارنىڭ ئارامى نىـمە؟ ئازابلىق كۆيۈش، پارە-پارە بولغان تەن، ھېسلار ئالىمىـدە بارلىـق ئەسلىمىلەر جىمجىت توزۇيـدۇ. گۇللەرنىـڭ بىھېساب ئارمانلىرى غـازاڭلاردەك تۆكـۈلگەن، يـالغۇز ئايـاغ يـوللار چۆلـدەرىگەن، ياتسىرىغان خىياللار ئازابنىـڭ رەڭگىـدە ساپسېرىق چېچەكلىـگەن شـۇنداق بىـر كۈنـى مەن ئـازاب دەرياسـىغا غەرقـمەن. جىمجىـت ئۆلۈمدەك ئۈنسىز ۋەھىمىنىڭ قاراڭغۇ تۇمانلىرى لەيلىـگەن، تـاڭلار نالىسى مەۋھۇم بوشلۇقلاردا لەيلىگەن ئاشۇ كۈنـى ئـازاب ھەققىـدە سۆزلەيمەن... بەخت چىنارىم يىقىلغان، قۇشلار نالىسى دىللارنـى بىئارام قىلغان مۇشۇ پەيتتە ئازاب ھەققىدە سۆزلەيمەن. تارام-تـارام ئازابلارنىڭ سوغۇق نالىسى دىل ئارامىنى ئېلىپ ماڭغان، سۈكۈتلەر كەچمىشلىرىدە ئاخىرقى تەلۋە ھېسلار بىتچىت بولغان ئاشۇ دەقىقە ئـازاب ھەققىـدە سـۆزلەيمەن... ئەسـلىمە جىرالىرىـنى ئـازاب چېچەكلىرى بىـزەپ، تۇرغـۇن ھېسلارنى تامامەن توزۇتقانغا قەدەر ئازاب ھەققىدە سۆزلەيمەن.

# كۈي چەشمىلىرى

غۇبارسىز ئەسلەشلەر ئىلكىدە كۈل بولغان خىياللىرىم سۈكۈتلەر تەبەسسۇملىرىنى سىزىپ چىقىدۇ، خۇددى رەڭسىز سۈرەتلەردەك. ھىجران پەسلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەۋسۇمى سۈكۈناتلىق روھلار ئۈنسىز جىلۋە قىلىدۇ، كەچ كۈز ئاپتاپلىرىدەك. تەسكىنسىز كۆڭلۈم سېنىڭ سۆيۈملۈك ئىسمىڭنى زىكىر قىلىدۇ، خۇددى تىلسىملاردەك.

خىياللار باغرىدا ئۆكسۈپ ئولتۇرۇپ سېنى ئەسلەپ چىقىمەن، تۈيغۇلىرىمدا سانسىز يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ رۇجەكلەرگە قونىمەن، سۈكۈتلەر ئىچىدە تەبەسسۇملىرىڭنى ئوقۇيمەن. باھارىستاندىكى ئاشۇ يۇلتۇزلۇق كېچە سېنىڭ ھەم مېنىڭ بارلىق ئارمان ھىجرانلىرىمغا شاھىت. خىيالىمدا سېنىڭ چۈشلىرىڭدىن ئەنداز ئالغان بىر بىغۇبارلىق ئۈنسىز ياشايدۇ. كۈتۈش زۇلمەتلىرىدە تال-تال بولغان ھېسلىرىم قان ياشلىق ئەسلىمىلەرنى سىزىپ چىقىدۇ. شۇ قەدەر پەرۋاسىزسەن، چەكسىز يىراقلىغان تۇرقۇڭ شۇنچە غەمسىز، خىرامان ھېسلىرىڭدىن پۇر-پۇر توزىغان ھەسرەتلەر توختاۋسىز كۆيمەكتە. جىرالار تەنھالىق ناخشىسىنى باشلىماقتا، شۇنچە ئاجىز، شۇنچە ھەسرەتتە.

پىغانلىق ناخشىلارنىڭ ئۈنسىز نالىسى قەلبىم تەشۋىشلىرىنى تاتىلايدۇ، گۈل پەسلى سولغان گۈلدەك ئۈنسىز ھەسرەتتە سېنى سېغىنىمەن، ياپراقلار رىۋايەتلىرى ئارامسىز چۈشلىرىمنى توزىتىدۇ.

شۇ قەدەر گۈزەل، يېقىملىق جىمجىتلىق ئىچىدە ئەپسانىلەرگە تولغان سۆيۈملۈك ھاياتنى كۈيلەيمەن.

سەن قالدۇرغان تاتلىق پېچىرلاشلار ئىلكىدە ئارمانلىرىم قۇش بولۇپ ئۇچماقتا. پەسىلسىز باھارىمسەن، ھەر پەسىلدە كۆكلەيسەن، پىغانلىق كېچىلىرىمدە چاقنىغان يۇلتۇزسەن، يېڭىدىن-يېڭى ھېسلارنى ئاتا قىلىسەن...

ئۈمىد دەرەخلىرىمدە ھەر كۈنى چېچەكلەيسەن، خۇددى باھارغا ئوخشاش. ئۈن-تىنسىز كۈتۈشلىرىمدە توزىغان چۈشسەن. پىغانلىق ھېسلاردا تالاي كۈتۈشلەردە ئۆچكەن شام كەبى چەكسىز ئېرىيمەن، يىغلانغان ھەسرەتلەر ئۈنسىز تەسەللىگە شۇ قەدەر موھتاج بولىدۇ... ياش شەبنەملىرى يۈزلىرىمنى يۇيۇپ چىقىدۇ. شۇ دەقىقە شۇنچە ئۇزۇن ياش تۆكتۈم.

# گۈل ھەققىدە قىسسە

قەلب قەسرىمنىڭ قىلىن تاملىرىنى بۆسۈپ كىرىپ دىل بىغىمنى ساناقسىز گۈللەرگە پۈركۈدۈڭ. مەن گۈل پۈرىقى ئىچىدە مەستخۇش بولدۇم، شۇندا دۇنيا گۈل ئىچىدە كۆرۈندى، تاڭ شەپەقلىرى گۈللەردىن ئەنداز ئالدى، ئاسمان يىغلىسا زېمىنغا گۈل ياغدى، پىنھاندىكى جىمجىت شىۋىرلاشلار گۈل ئالىمگە قاراپ ئاقاتتى، مەن چۈشلىرىمدەك، چۈشلىرىم ئىچىدىكى گۈللەردەك خىراماتلىق ئىلكىدە بىرلا ساڭا تەلپۈنەتتىم. ئازابسىز ئىشق بولمىغىنىدەك، باھارسىز گۈللەر بولمايدۇ، تەشۋىشلىرىم ئىچىدە گۈل مەۋسۇمىنى ھىدلايمەن. ئارمانلىرىم بىلەن غۇبارسىز، ھەسرەتسىز سۆيگۈمنى كۈيلەيمەن. ھىجران چېچەكلىرى قەلب تەسكەيلىرىمدە شۇ قەدەر جۇلالىق ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئەسەبىي بىر كۈيلەش دىل ئىزغىرىنلىرىمدا تىنىمسىز كۆيمەكتە.

بۇ يەردە گۈل ھەققىدە نۇرغۇن قىسسەلەر بار. تىنتىلغان روھلارنىڭ ئۈنسىز نالىسىدەك بىر ئەزگۈ تىمتاسلىق جىمجىتلىق كۈيلىرىگە تەگكەش، دالىلاردىكى بوشقىنە ئۇچقان شاماللاردەك شۇ قەدەر ئارامبەخش. بوشلۇقتا كەگرى يېيىلغان ئاقۇچ تۇمانلار گۈل پەسلىگە چەكسىز ۋە چەكسىز يېقىنلايدۇ...

ھەسرىتىم ئوت ئىچىدە كۆيىدە، ئالەم گۈل ئىچىدە يىغلايدۇ، بۇ يەردە گۈل ھەققىدە نۇرغۇن قىسسەلەر بار.

ئاي يامغۇرى پىنھان رۇجەكلەرنى سۆيۈپ ئۆتكەندە، لەرزان شاماللار ھىدلىرىڭنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەندە، مەن سولغان گۈللەردەك، تىمتاس كېچىلەردەك ئەزگۈلۈككە چۆمۈلىمەن. گۈل پەسلىدىكى قىزغىن يىغلاشلار ئىشق مەۋسۇمىدا ئاپئاق

چېچەكلەرنى ئاچىدۇ. يىغلانغان خىياللار، كۈتۈش ۋە ھىجرانغا تەۋە ئاشۇ ئۇزۇن كېچىلەردە سانسىز قېتىم سولۇپ، سانسىز قېتىم پورەكلەيدۇ. سولغان گۈللەر، توزىغان ياپراقلار ئۆز قىسمەتلىرىگە يىغلايدۇ. سۆيگۈ قولۇقى ئازاب دەرياسىغا يېقىنلايدۇ، كۈتۈش ۋە ئەسلەشلەر تەكرارلىقىدا شىكەستە بولغان كېچىلەر ئاقارغان تاڭلاردا غايىب بولىدۇ. گۈل رەڭگىدە قانىغان روھلار دىل يارىسىغا داۋا ئىزدەيدۇ. بۇ يەردە گۈل ھەققىدە نۇرغۇن قىسسەلەر بار!!!

# كۈتۈش (4)

تالاي كەچمىشلەر ئىچىدە ئۈمىدلىك ھېسلىرىمدا سېنى كۈتىمەن. تالايلىغان ئارمانلىرىم، تالايلىغان كۆز ياشلىرىم سولغۇن گۈللەرنىڭ يۇمران ياپراقلىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

گويا بىر تامچە ياشتەك ياكى بىر ئىللىق ھىدتەك نازۇك ھېسلاردا يېقىملىق خىياللىرىڭغا سىڭىپ كەتكۈم كېلىدۇ.

بىپايان ئاسماندىكى قانىتى بوغۇچلانغان قۇشىمەن، ئۇچاي دەيمۇ ئۇچالمايمەن. تۇزىغان پەيلەردەك گۈگگا ۋە چۈچۈك ئەسلىمە دىل تارىمغا زەخمەك ئۇرىدۇ.

قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك سادائا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ سېنى كۈتىمەن، پاكار رىدىلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان يوللاردا مەقسەتسىز ئايلىنىمەن، ياشلىرىم پىغانلىرىمنى، ھېسلىرىم ئارمانلىرىمنى يۇيۇپ ئۆتىدۇ.

ئايئاق ئايدىڭ كېچىلەردە ئۇنسىز شىۋىرلايمەن، شاماللار خىياللىرىمنى پەيلەيدۇ، يۇلتۇزلار يېگانىلىكىمنى كۈيلەيدۇ. ئەڭ مەسۇم ھېسلىرىم بىلەن ۋىسالنى ئىزدىدىم، شۇ قەدەر قىزغىن كۈيلەر بىلەن ھىجراننى كۈيلەيمەن، ئاۋازلىرىمنى ياشلىرىم تىترەتتى. يوللار ئادەمسىز، قۇشلار ناۋاسىز ئىدى. ئازاب گۈللىرىگە لىققىدە پۈركەلگەن يوللار ياز ئايلىرىنى يامغۇر مېھرىدە يىغلاتتى. قەلب سادالىرىمنى ئۇزاققىچە تىڭشاپ تۇرۇپ سېنى كۈتىمەن. سۆيگۈ سېھرىدە پۈچىلانغان خىياللار دىل پىغانلىرىمنى يار ئالدۇرۇۋەتتى. روھ دالالىرىدا تۇزىغان ھېسلار ئەبەدىيلىك ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. ئاۋازىم ئىللىق ھۇجراگىدىن سىرغىپ ئۆتسە دېدىم. مادارسىز تەنلىرىمدە ئاخىرقى ھىجراننى باغرىمغا

ياقتىم. ئاقۇچ ئاسمانلاردىن، تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن سىيمايىڭنى ئىزدىدىم. قىزغىن ئازاب، قىزغىن سېغىنىشلار بىلەن تولغان كوچىلار، يوللار غېرىبسىندى، سولغان گۈللەرنىڭ ياپراقلىرى كەڭرى دالىلارنى قاپلىدى. مەن ئازابقىمۇ، شادلىققىمۇ تەۋە بولمىغان شۇنداق بىر ھېسلاردا سېنى كۈتىمەن...

# شاماللارغا پىچىرلىدىم

قۇياش بالقىپ تۇرغان سەھەر شامالىلارغا پىچىرلىدىم،
ئاۋازىمنى سېنى ئاڭلىسۇن دەپ. تۇمانلاردىن پەردە يايغان كۆكۈم
پەيتىدە ساڭا قاراپ پىچىرلىدىم، تۇيغۇلىرىمنى ھېس قىلسۇن
دەپ. باھار گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈل مەۋسۇمىدا ئىسمىڭنى
زىكىر قىلدىم، ياپراقلار ھىدلىرىڭغا قېنىۋالسۇن دەپ.
تۇمانلار رىسالىسى ئۈنسىز نىدالارنى ماڭا ھەدىيە قىلىدۇ،
پىغانلىق ناخشىلار ئەبەدىيلىك غېرىبلىقنى كۈيلەيدۇ.
يېتىمسىرىغان تۇيغۇلار ئىچىدە بارلىق ئاۋازىم بىلەن شامالىلارغا
پىچىرلىدىم.
مامكاپ گۈلنىڭ چىرايلىق چېچەكلىرى تۇزۇپ كەتتى،
باغلاردا باھار كۈيلەندى، دەريالار ئەزگۈ ھەسرەتتە تولغىنىپ
ئاقتى. مەن دەستە-دەستە خىياللار ئىلكىدە ياشلىرىمنى سۈرتۈپ
تۇرۇپ شامالىلارغا پىچىرلىدىم، ئازابلىرىمنى ئېلىپ كەتسۇن دەپ.
قايغۇلار ئەزگۈ تىلەكلەرگە ئوخشمايدۇ. گۈللەرنىڭ ئۈھسىنىشلىرى
يۈرەكلەرنى تىلغايدۇ، مەۋسۇمسىز ھېسلار چۈشلەردەك پىنھانلىقتا
يېنىك تەۋرىنىدۇ، سەھەرنىڭ نەمخۇش ھىدى يېگى بىر
ھاياتلىقنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھارغىن دىلىم،
سۇزۇك ھەسرەتلىرىمنى تىڭشاپ تۇرۇپ شامالىلارغا پىچىرلىدىم...
تەبىئەتنىڭ بارچە گۈزەللىكى گۈل ھۆسنىدە ئايان،
بەجايىكى ئۇستا رەسسام سىزغان نەپىس رەسىمدەك. ئاشۇ گۈلگۈن
يېشىللىق ئىچىدە ھېلىھەم تەئەججۈپ ئىلكىدە شامالىلارغا
پىچىرلىدىم، يوللارنىڭ خىرامانلىقى شېكەستە بولغان يۈرىكىمگە
مەلھەم. ئازابسىز كۈيلەر غازاڭ بولغان گۈللەرنى كۈيلىمەكچى

بولىدۇ.

كۈتۈش ۋە ئەسلەشلەرگە تولغان ئاشۇ يېگانىلىكتە شاماللارغا پىچىرلىدىم، ھەسرىتىمنى ئۇنتۇلدۇرسۇن دەپ. ئىزغىرىن تۈنلەر، ئىزغىرىن چۈشلەر جىمجىت ئاخىرلىشىدۇ. ھايات دېڭىزىدىكى يەلكەنسىز كېمىلەر قىرغاقلاردىن ئۈنسىز يىراقلايدۇ، مىسلىسىز كۈتۈش بۇ يەردە مەڭگۈ داۋام ئېتىدۇ. تەشنالىقىمدا ھىجرانىنى كۈيلىسەمۇ سېنىڭ بىلەن قايتا ئۇچرىشىشنى ئىستىمەيمەن، ئەزگۈ دەقىقىلەردە گاھ يوشۇرۇن، گاھ ئاشكارا ھالدا ئۈنسىز ياش تۆكىمەن.

داللاردىكى بارچە تىۋىشلار سېنىڭ يېقىملىق سىمايىڭنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. كۆمۈلگەن ئىستەكلەر ئىچىدە ئاشۇ مەغرۇرلۇقىڭغا يەنە بىر رەت ئۇھسىنىش بىلەن نەزەر سالغان ھالدا شاماللارغا پىچىرلايمەن، سېنى ھېس قىلسۇن دەپ...

# ساڭا بەخت تىلەيمەن

قۇشلار يەي تورۇتماقتا. ھىجرانغا شۇ قەدەر يېقىنمەن. ئاشۇ يۇمران پەيلەردەك تورىغان ئارمانلىرىم دۆۋە-دۆۋە ھىجرانلىرىمنى كۆمۈپ تاشلىدى. يۈرىكىمنىڭ مىسكىن نالىسى ئاڭلانماقتا. سەھەر شەبنەملىرىنى يېنىككىنە سۆيگەن شامال يىراقلارغا ئۇچماقتا.

يوللار ئۇھسىنىدۇ، گۈللەر ياپراق تاشلايدۇ، باھاردىكى مەجنۇنلۇق كۈي پەسلىگە ئاشىق ناخشىسىنى باشلايدۇ.

ئاسمىنىمدا پارلىغان ئايسەن، تۈمەنمىڭ خىياللىرىم سەندە قاناتلانغان. بەختىمنى يوشۇرغان گۈگۈمسەن، مەن مەڭگۈ ئەسىر بولۇشنى خالىغان. كۈلمىگىن مەڭزىمدىكى سۈزۈك ياشلىرىمنى كۆرۈپ، قاچمىغىن گۈللەردەك نازۇك شىۋىرلاشلىرىمنى ئاڭلاپ. قىزغىن خىياللار قايىنىمىدا ساڭىلا تەلپۈنىمەن. باھار يازغا تەلپۈنگەندەك. جىمجىت چۈشلىرىمدە سېنىلا كۆرۈشنى خالايمەن، ياز ئاسمىنىدىكى يورۇق يۇلتۇزدەك.

ئۈنسىز قايغۇلار يىرتىلغان ھەسرەتلىرىمنى كېچىلەرگە ئۇلايدۇ، باھار بولۇپ ئىشقىمىزنى كۈيلەيدۇ، يامغۇر بولۇپ زېمىن كۆكسىدە يىغلايمەن.

ساڭا بەخت تىلىدىم قۇياش نۇرىدەك قىزغىن ھېستا. ساڭا بەخت تىلىدىم مەيلى تىل، مەيلى دىلىمدا.

كۆمۈلگەن ئىستەكلەر گۈزەل ئەسلىمىلەرگە گۇۋاھ. يارقىن ھېسلار دىل ئاسمىنىمدا ئۇچار. تىنىمسىز ھەسرەت يىغلانغان كېچىلەر، مەن ساڭا بەخت تىلىدىم، سېنى باھارىم، قۇياشىم

دەپ، كىملەرنىڭ ئاسمىنىدا پارلىساڭمۇ نۇرلىرىڭنى ئايىمىغىن.

شۇنى دېگۈم كېلىدۇ، خىرەلەشكەن ھېسلارنى قەلبىڭگە قوندۇرمىغىن!

يالقۇنلۇق ھېسلارنى سەن دەپ قىياس قىلىمەن، خىيالچان ھېستا كېچە چۇقانلىرىغا قۇلاق سالىمەن.

ساڭا بەخت تىلەيمەن قوللىرىمدا گۈل، كۆزلىرىمدە ياش!

# گۈل پەسلى

باھار بولۇپ كۆيلەنگەن دەقىقىلەر ھەممە يەر سىرلىق گۈللەرگە تولدى. يوللار سىنىڭ ئەزگۈ خىياللىرىڭدىن باشلاندى، مەن ئۇ يولدا ماڭدىم. سۆيگۈ مەۋسۇمىنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرى ئازابلىق، ئەمما شېرىن مېلودىيەلەرگە تولدى، مەن ئۇنى ئەڭ قىزغىن ئازابلىرىم بىلەن كۈيلىدىم.

چۈشلىرىمدە سىنى كۆرەلمەيمەن، شامال بولۇپ يۈزلىرىڭنى سۆيەلمەيمەن، يىراق قىرغاقلاردا غەمكىن ئېچىلغان لەيلىقازاقتەك گاھ قىزغىن، گاھ مەيۇس شېئىرلايمەن، ئارمانلىرىمدىن پۈتۈلگەن چىداملىرىمدا يوللىرىڭغا قارايمەن.

بىز خەيرلەشتۇق، كۆزلىرىمىز بىلەن، بىز خەيرلەشتۇق، غەمكىن ھېسلىرىمىز بىلەن. بىز ئىستىمەيمىز گۈلگۈن خىياللاردەك قايتا ئۇچرىشىشنى، بىز پەقەت ئۇتلۇق تىنىقلىرىمىزدا بىر-بىرىمىزگە بەخت تىلەشتۇق. شاماللار ئۇچىدۇ، غازاڭ بولغان گۈللەر ياپراق تاشلايدۇ، قەلبىمنى لىرىك داۋالغۇتقان بۇ مېلودىيەنى قايتا-قايتا ئاڭلىدىم. بىز خەيرلەشتۇق، لېكىن مۇزىكىدەك يېقىملىق يىغلانغان ھېسلىرىمدا قەلبىمنى لەرزىگە سالغان يالقۇنلۇق بىر خىيال ماڭا ھەمىشە ھەمراھ بولدى.

تۈندىكى غېرىبلىق سىنىڭ پارلاپ تۇرغان سىمايىڭنى ئىسمىگە سالاتتى، چېچەكلىگەن خىياللىرىمدا سىنى، يەنىلا سىنى كۆرىمەن، مەن خىياللىرىمنى ھەسرەتلىك دېمەيمەن، چۈنكى ھەر بىر قەتىرىسىدە سىنىڭ زۇلفۇڭ نۇر بولۇپ چاقنايدۇ.

تۇيغۇلىرىمنى ئەخمەق دېمەيمەن، چۈنكى ئۇنىڭدا شامالدەك ئىسسىق تىنىقلىرىڭ ھەرقەدەمدە يۈرەكلىرىمگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

بىز خەيرلەشتۇق، لېكىن خوشلىشىش ئۈچۈن ھېچنېمە دېمىدۇق. خوشلىشىش ئۈچۈن قول پۇلاڭلاتمىدۇق.

پەقەت كۆزلىرىمىز بىلەن بارلىق پىنھانلىقنى ئوقۇپ چىقتۇق، پەقەت خىياللىرىمىز بىلەن ئەزگۈ خاتىرىلەرنى قايتا ۋاراقلاپ ئۆتتۇق. جىمجىتلىقنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ئۇ سېنىڭ كۆزلىرىڭدەك تەسكىن. خىيال سۈرۈشنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ئۇ سېنىڭ تۇيغۇلىرىڭدەك بىغۇبار.

يېقىملىق بۇ مېلودىيە مېنى شۇ قەدەر جەلپ قىلدى، تارتىملىق كۈيلەر ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ ئۆتتى، مەن تەئەججۈپ بىلەن ئارقامغا قارىدىم، غەمكىن چىغىر يوللار غۇۋا ئەسلىمە ئىچىدە سۇس لەيلەيتتى.

مەن يەنە بىز خەيرلەشكەن مىنۇتلارنى ئەسلىدىم. گۈللەر شىۋىرلايتتى، شامال يىتكەن داللار مۇڭسىرايتتى.

پىغانلىرىمدا بىر ئىشق لاۋۇلدايتتى، كىشىلەر گۈل مەۋسۇمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىشمىگەندەك شۇنچە خىرامان ئىدى.

مەن ھەر كۈنى، ھەر باھار گۈل پەسلىدە گۈللەرگە شىۋىرلايتتىم...

# قانۇنىيەت

دۇنيادا تۈگىمەيدىغان نېمە بار، ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدۇ، قۇشلار ئۇۋىسىغا قايتىدۇ، ئادەملەر ئۆز روھىيىتىگە قايتىدۇ.

قايتىش ئۇ گۈزەل بىر مۇئەللەقلىق. مەيلى خالاپ، مەيلى خالىماي ھەممە مەۋجۇدات قايتىدۇ، تەسەللىلەر قانچىلىك يېقىملىق بولسىمۇ، بەزلەشلەر قانچىكى رايىش بولسىمۇ، ھەممە ئاخىرلىشىدۇ. كۆز يېشىنىڭ قۇرۇشى ئېنىق، ھەسرەتسىز كۈيلەر مەڭگۈلۈك ناخشىسىنى باشلىغان دەقىقىلەر ھەممە ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

مەڭگۈلۈك باھار بولمايدۇ، ھەممە قايتىدۇ. شۇنچە خىرامان، شۇنچە ئەزگۈ تەكرارلىقتا، يوللارنىڭ ئەزگۈ ھېسلىرى ئۆتمۈشكە تەۋە بولغاندا، بارلىق تەلپۈنۈشلەر قەيەرلەرگىدۇ مۆكۈنگەن، ئاي ھەسرەتسىز، يۇلتۇزلار نۇرسىز يانىدۇ، كېچىلەرنىڭ تىمتاسلىقى يىغلانغان كۈيلەرنى گۇگۇم خىياللىرىغا ئېسىپ قويىدۇ. بۇ كېچە ھەممە تىمتاس، ئاقۇچ بۇلۇتلار يوق. كۆزلەرنىڭ يېشى قۇرىغان، گۈللەرنىڭ بەرگى سولاشقان، چەيلەنگەن. خىياللار قەلب تەسكەيلىرىدە بويۇن قىسقان بولىدۇ. ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدۇ، تاقەتسىز كۈتۈشلەر ئەلەم گۈللىرىنى كۆتۈرگىنىچە قاياقلارغىدۇر يول ئالىدۇ. ھەسرەتلەرنى نېمە دەي، دىل پىغانلىرىنى قانداق يوشۇراي، ھەممە، ھەممە قايتىدۇ. روھلار جىلۋىسى جان قايغۇسىدا، تۈگىمەس ئەلەملەر تەقدىر ھارۋىسىدا، پەقەت شېرىن گۈزەل ئەسلىملەرلا ئەستىلىكلەرگە گىرە سالىدۇ. يوللارنىڭ پىغانلىرى ساناقسىز گۈللەرنى ۋاقىتسىز توزۇتقان، شامالار يېنىك ئۇچقان بولىدۇ. ھەممە ئاخىرلىشىدۇ، كۆز يېشىمۇ ھەم. شامالنىڭ

ئاۋازى ئۆچكەن، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى جىمىققان، مەيلى كۈن، مەيلى تۈنلەر، بارلىق نەرسىلەر ئۆز ۋادىسىغا قايتىدۇ. شىكەستىلەنگەن دىل، قۇرىغان كۆز ياش، ئاچچىق ۋە تاتلىق ئەسلىمە، بارلىق شادلىق ھەم قايغۇغا شاھىت بولىدۇ، يوللارنىڭ تىمتاسلىقى مەۋجۇتلۇقنى بىر-بىرىگە ئۇلايدۇ، ئورمانلار ياپراق تاشلايدۇ، ئاي غۇۋا يانىدۇ.

# پىغان

قەلبىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان پىغانلارنى يوشۇرالمايمەن. يوللارنىڭ يېگانىلىكى ياشلىرىم كەلكۈنى ئاستىدا لەيلەپ قالدۇ.

كوچىلارنىڭ ئەزگۈ ناخشىسى قىزغىن يىغلاشلاردا نامايان، مەيىن ئۇچقان شامالنىڭ سۇس تىنىقلىرى مېنى بەزلەيدۇ.

ئۆزۈمگە تەسەللى بەرمەكچى بولىمەن. گۈللەرنىڭ تۆكۈلگەن بەرگىلىرىنى ھىدلايمەن. جىرالاردىكى يارقىنلىق كۈي شەھىرىگە راۋان بولغان شۇنداق تىمتاس بىر سەھەر مەن ھەممە ئەزگۈلۈكنى شاماللارغا بېرىۋېتىپ، ناخۇشلۇقتا يېنىك تىن ئالغۇم كېلىدۇ، بىراق مەن يەنە ئۇنداق قىلالمايمەن!

قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىغا جور بولۇپ بىر نەپەس ئەركىن ھېستا ھەممىنى ئۇنتۇغۇم كېلىدۇ، بىراق مەن يەنە ئۇنداق قىلالمايمەن.

يېنىك، لەرزان مۇزىكىلارنىڭ ئەۋجىدە يىراق قىرغاقتىكى بىر تاللا ئەتىرگۈلدەك سۇس چاقناشتا شامال بىلەن قوشۇلۇپ تىنىقلىرىڭغا ئۇرۇلغۇم كېلىدۇ، بىراق مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

بارسا كەلمەس يوللارنىڭ ئەڭ يىراق چېتىگە بېرىپ سانسىز ھەسرەتلەرنى ياۋا گۈللەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىغا ئېسىپ قويۇپ قايتىپ كەلگىم كېلىدۇ، بىراق مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

قىسسەلەر ئۈزۈراپ كەتتى، چۈشلەر چۆلدەرەپ قالدى، ھىجران پىغان بىلەن بېزەلدى، ئورمانلار چەكسىز سۈكۈتكە چۆمدى.

تۈنۈگۈن ئويناپ يۈرگەن بىر سەبىي قىز بۈگۈنلا رەسىدە بولغان خىيالغا ئايلاندى.

مەن قىزغىن قايغۇلارغا چۆمۈلدۈم يەنىلا ئاي ھەققىدە. ئۆچمەس غۇۋالىق قىسسەلەر پايانىنى سۇس يورۇتۇپ، دىللارنى پىغان چۆلگە باشلايدۇ. ھالسىرىغان تەنلەر مۇنۇ مۇزىكىدەك يارقىن ھەم ئەسەبىي، چۆللەر ئاخشامقى چۈشلەردىن تېخى ئويغانمىغان، ھەممە، ھەممە يەر تىمتاس ۋە خىيالىي.

قول پۇلاڭلاتمىدىم، ئاستا-ئاستا ماڭدىم، بىراق يىراقلاپ كەتمىدىم. ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم، بىراق ھېچنېمە دېمىدىم. تەشۋىش بىلەن يىغلانغان كۆڭۈلنى ئالدىدا بىچارە قىلمىدىم، لېكىن پىغان يىپلىرىدا كەشتىلەپ قويدۇم. مېڭىۋاتقىنىم يول ئەمەس، بەلكى بىر ئازابنىڭ پايانى. كۈيلەۋاتقىنىم پىغان ئەمەس، بەلكى ھىجراننىڭ داۋامى. ئاخىرقى تەلپۈنۈش يوللار رىسالىسىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقىدۇ. كىملەرنىڭ قەلبىدىكى زارلىق كىملەرگە يەتكەن؟ كىملەر ئۆزى ئۈچۈن ئۆز خاھىشلىرىنى تەرك ئەتكەن؟ ئالەم تولىمۇ نۇرغۇن سوئاللارغا تولغان...

# يىراقلىغان ئارمان

ھەسرەتنى كۆيلىگۈچى ئاۋازىڭ مىنى يۇم-يۇم يىغلاتتى. بەلكىم كۆرمەسكە سالغانسەن، ياكى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەنسەن. يۇلتۇزلار سۇس جىمىرلايدۇ، بۇلۇتلار قاياقلارغىدۇر مۆككەن، شامالار ئىزغىرىن خىياللارنى سەن تامان، مەن تامان ئېلىپ باردى. ياشلىرىمنى سۈرتەلمەيمەن، ئازابلىق ناللىرىم ئۆركەشلەپ تۇرسىمۇ سەندىن تامام يوشۇرماقچى بولدۇم. قايغۇدىن خالىي ھەسرەتكە يېقىن تۇيغۇلار سىنىڭ مەغرۇر تۇرقۇڭنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. كىچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ھېچ گەپ ئەمەس، ھېچكىم ھېچكىم ئۈچۈن ئاجايىپنامە پۈتۈپ چىقمايدۇ. ئورمانلار چەكسىز سۈكۈتتە، يوللارنىڭ پىنھانلىقى ئۆز-ئۆزىگە شۇ قەدەر يادا بولۇپ كەتكەن. ساڭا كەچۈر دېمەيمەن، ھالسىرىغان ھېسلىرىمدا، يۇمشاق ئاياغلىرىمدا دىل خانەڭنى يەنە بىر قېتىم كېزىپ چىقمەن. گۈللەر پىغانلىرىنى ئۇنتۇغان بۇ كۈنى بارلىق ئەسلىملەر چۈش مەۋسۇمىگە تەۋە بولىدۇ. مەن شادلىق بىلەن قايغۇنى، ھەسرەت بىلەن ئارزۇنى قوشكېزەك دەيمەن. ئايرىلىش لىرىكىسىنى ئوقۇغان شامالارنى لەرزان ئۈچۈپ ياغلىقىمنى يېنىك يەلپۈتسە دەيمەن. كېچە بولۇپ ئاي بىلەن مۆگدىشىپ چىقسام ئىدى، لەرزىگە كەلگەن كۆيلەردە ئارمانلىرىم گۈل بولۇپ چېچەكلەيتتى. تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى ساناپ چىقتىم. ئاي ئورغاققا ئوخشايتتى، لېكىن ئۇنى تۇتماق بولۇپ قولۇمنى ئۇزاتمىدىم. قۇشلارنىڭ مەن بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ قىلچە ئەجەبلەنمىدىم. داللارنىڭ سېرىق گۈللەر بىلەن قاپلانغىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم، ئەمما بىر تالمۇ گۈل ئۈزۈشنى ئويلىمىدىم. بىر كۈنلەردە مېنىڭ يۈرىكىمنى شۇنداق قېتىپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنچە پەرۋاسىز، شۇنچە خىرامانلىقتا. سەندىن رەنجىمىدىم،

ئازابلىرىمنى قايغۇ دېمىدىم، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىق ئاخىرقى مەغرۇرلۇقۇمنى ساقلاپ قالدى. مەن مەيۈس كۈلۈمسىرىدىم، سەن كۆرگەن بولساڭ مېنىڭ كۈلۈۋاتقىنىمنى، نە يىغلاۋاتقىنىمنى بىلەلمىگەن بولاتتىڭ. يىغلانغان كۆڭۈللەرنى كۆرەلمەيسەن. گۈگۈمنىڭ شولىسى ھەممە، ھەممىنى يۆگەپ ئۆتتى، ھەممە نەرسە يىراق ۋە يېقىنىنىڭ ئارىسىدا. تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئۆچمەكتە. خىيالغا ئايلانغان كېچە ھەممىنى يۇتۇپ كەتتى. ئىككىمىز ئىككى قىرغاققا قاراپ ھامان ئىلگىرىلىمەكتىمىز، كۆرۈشۈشنى ئىستەيمىز، بىراق ھامان يىراقلايمىز. خىياللارنىڭ كېسىشكەن سىزىقى ئازابنىڭ سىممېترىك ئوقى، يىراقلىغان ئارىلىق بولسا قايغۇنىڭ يەنە بىر ئىپادىلىنىشى. بىز ھامان يىراقلايمىز، ئۆكسۈپ، ئۆكۈنۈپ تۇرۇپ، رەنجىشلەر يوق. گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، كېچە كۆرگەن چۈشلەرنىڭ ھەممىسى يالغان! ئازابلار كۈيلەنگەن كېچە «خوش» دېيىش ئۈچۈن قوللىرىمنى كۆتۈردۈم. ئىزغىرىن شامال يېنىمدا ئۆچاتتى، ئەزگۈلۈكتىن باشلانغان قىسسەلەر قارا كېچىلەرگە ھەسرەت يازاتتى، پىغانلىرىمنى يوشۇرالمايمەن. يېنىمدا نالە قىلغىنى ھەسرەتلىك تىنىقلار ئىدى، خىرە-شىرە يانغان يۇلتۇزلارغا قارىدىم، ئاي نالە ئوقۇيتتى، بۇلۇتلارنىڭ يىغىسىدىن كېچە يامغۇر تۆكەتتى، بۇ بەلكىم بىر باھار، بىر ياز بولۇشى مۇمكىن. لەيلىگەن ئىزغىرىن تۇمانلار يېڭى باشلىنىشلارنى ساڭا ھەدىيە قىلغانمىدۇ، لېكىن مەن بىلىشنى خالىمايتتىم. خوشلىشىش ئۈچۈن قوللىرىمنى كۆتۈردۈم، ئاشۇ دەقىقىلەر ھەممە بىر پەس ئۇنتۇلدى. باھارغا بولغان مۇشتاقلىق ياۋا گۈللەرنى سۇسقىنە تەبەسسۇملارغا ئورىدى، قۇشلار ئۇنتۇلغان پەسىللەرنى ئىزدەپ غەرب تامان ئۇچاتتى. يىغلانغان ھېسلارغا كىملەردىن تەسەللى ئىزدەيمەن، مۇڭلانغان ھىجراننى ئاۋازىم بىلەن كۈيلەيمەن. كېچىلەرنىڭ نازۇك تىنىقى ياز تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلدۇرماقتا، ھەر تىنىقلىرىم بىلەن ھىدىڭنى ھىدلىدىم، گۈللەرنىڭ خىرامانلىقىغا ئارمانىمنى بېغىشلىدىم، نەمخۇش

ياپراقلاردا ياشىلىرىم ھۆللەندى، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئالەم پىنھانلىقىدا يىگانە گۈلگە ئايلاندىم، توزىغان خىياللاردا باھار گۈلىنىڭ خۇش ھىدى قالدى، كوچىلارنىڭ غېرىبانىلىكى ھەتتا ئاينىمۇ مۇڭلاندۇرۇپ قويدى. پەسىل ئاھلىرىمدا كۆكلىگەن پىنھان ئازاب غېرىبانىلىكىمنى ئەللەيلىگەن شۇنداق بىر كۈنى خوشلىشىش ئۈچۈن قوللىرىمنى كۆتۈردۈم.

تۈنلەر بىلەن كۈنلەر ئالماشتى، كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتتۈۋەردى. خىياللىرىم بىر تىزىق مارجانغا ئوخشايتتى. ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ناخۇشلۇقتا چۆمگەن ئەمەسمەن، مېنىڭ خوشلىشىۋاتقىنىم سەنلا ئەمەس، بەلكى بىر ئەزگۈ غېرىبلىق ئىدى. دۇنيا مالامەتلىرىدە يەنە جىمجىت خىياللارغا چۆمدۈم، سېنى ئاڭلىمىسۇن دەپ ئاۋازسىز يۇم-يۇم يىغلىدىم، بەلكىم بۇ بىر باھار ياكى ياز كېچىسى بىر ئەزگۈ ناخۇشلۇقتا خوشلىشىش ئۈچۈن قوللىرىمنى كۆتۈردۈم...

يوللارنىڭ يىگانىلىكىدە ۋىدا ھەققىدە ناخشىلار باشلاندى، چۈشلەر ئارامسىز ئىدى، ياۋا گۈللەرنىڭ سۇس جىلۋىسى شامالLARنى ئىزدەيتتى. قەلب تەسكەيلىرىدە ھامان ئۈمىدسىز خىيال ھېلىدىن-ھېلى ئەگىيتتى.

چىغىر يوللار تەگسىز سۈكۈتتە، ئازاب ھەققىدە كۈيلەنگەن خىيال يەنە ھېلىقى ۋىدا ھەققىدە ناخشىلار ياڭراتتى.

مەن كەتكەندە ياش تۆكمە يارىم،
ئىشەنمىگىن باشقىغا، ياتقا.
ھىجرانى بار سۆيگۈ دېگەننىڭ،
ئىشق باشقا، مۇھەببەت باشقا.

ناخشىلار يۈرەكنى ئېزەتتى، قۇياش ئالەمنى كېزەتتى، تېرەن خىياللار بىلەن قوشۇلغان هايات كۈيى يەنە داۋام ئېتەتتى.

ناخشىدەك ئەزگۈلۈكتە، تۇماندەك پىنھانلىقتا سېنى ئەسلىدىم. بىز تولىمۇ يىراقلاپ كەتتۇق، بىز كەتكەندە «خوش» دېيىشمىدۇق، خىيال ھەققىدە خىيال سۈرۈشمىدۇق، چۈشلەر يىگانە قالدى، ئاي مۇگىسرىدى، يوللار ھىجران بىلەن كۈيلەندى، تۇرغۇن ئىشلار يەنە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ئېرىقتىكى شىلدىرلاپ ئاققان سۇزۇك سۇلاردەك.

ھەممە يىراقلايدۇ، كىشىلەر بەخت ھەققىدە خىيال سۈرۈشىدۇ، لېكىن بەختنىڭ ھەرقەدەمدە كۈتۈپ تۇرغىنىنى ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ.

قولۇمدا گۈللەرنىڭ تۆكۈلگەن بەرگى، ئۇنى ھىدلىدىم. كۆزلەر ئازابلارنى سۆزلەيتتى، خىياللار بىر تەگسىز ھىجراننى كۈيلەيتتى، بىز يىراقلاپ كەتتۇق، ۋۇجۇدىمىزدا تولدۇرغۇسىز بىر بوشلۇق لەيلەيتتى، يوللار يىگانىلىكتە ئېسەدەيتتى.

قەلبىمدە ئۆچمەس بىر خىيال بار، ئۇنىڭ كۈيلىرى سېنىڭ تىنۋىشلىرىڭ بىلەن بېزەلگەن، ھەر بىر نۇتقى سېنىڭ ئەزگۈلۈكۈگە مەھكۇم. يوللار سېنىڭ ئۆچۈنلا يىگانە، خىياللىرىم سېنىڭ ئۈچۈنلا سەرسانە.

يوللار پەرىشان خىياللارغا چۆمگەن، بىز «خوش» دېمىدۇق، ئەمما يىراقلاپ كەتتۇق، يوللاردا بىر ناخشا ئەگىيتتى ۋىدا ھەققىدە...

مەن كەتكەندە ياش تۆكمە يارىم،
تەنھا ياشاپ بۇ دۇنيادىن كېتىمەن.

# مەن كەتتىم

ھىجران بىلەن كۆيلەنگەن كېچە نەپىس خىياللارغا ئورالدى. يوللارنىڭ پىغانلىرى قۇشلارنىڭ يۇمران پەيلىرىنى توزۇتتى. گۈللەر خىرامانلىقتا شىۋىرلايتتى، يۇلتۇزلار تەسكىن ھېسلاردا جىمىرلايتتى...

سىرىق ئىچىلغان ئاشۇ گۈللەرگە ئامراقمەن. ئۇنى ھىدلايمەن قېنىپ-قېنىپ. چۈشلەر ئالىمىدە ھەممىنى ئۇنتۇسام دەيمەن، ئاپئاق بۇلۇتلارنى يېپىنچا قىلىپ ھال رەڭ گۈگۈمغا چۆمۈلسەم دەيمەن.

لېكىن ئۇنداق قىلالمايمەن، ئاشۇ كۈنى ئاشۇ كوچىدا سېنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىم ئېسىمدە. ھەممە چۈشكە ئايلاندى، ئۇخلىماي تۇرۇپ كۆرگەن چۈشكە... لېكىن مېنىڭ كۆرگىنىم زارىقىش، كۆتۈشلەرگە تولغان بىر سەھەر بولدى. باغلاردىكى قۇشلارنىڭ خىرامانلىقىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ، ھەر بىر ئۇنلەشلەر خىياللارنى چاك كەلتۈرىدۇ.

بىر دەستە سەھەر ئىچىدە قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا جور بولغۇم كەلدى. قەلبىمدە غايەت زور پىغان قىلىن مۇز تۇتقان، يىغلانغان ھېسلارنى يوشۇرالمايمەن. ئازابلارنى قىرغىن كۆيلىدىم، شۇنچە مىسكىن، شۇنچە سۆكۈتتە.

سەھەر بىلەن باشلانغان خىيال قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى جىمجىت تىڭشىدى، يوللار غېرىبسىندى، دالىلار ئەلۋەك خىياللاردا تولىمۇ ئېغىر ئۇھ‍سىندى، مەن كەتتىم، قۇشلارنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن. ئايىغىم ئاستىدا تۆكۈلگەن غازاڭلار.

ئىسسىق ياشلار بىلەن نەمدەلگەن ھېسلار ئاشۇ يوللاردا

قالدى. ياغلىقىم تىنماي يەلپۈنەتتى ئىزغىرىن شامالدا.

مەڭگۈ ئاگلانماس ئۈنلەردە يوللار بىلەن خوشلاشتىم.

چەكسىز ئەزگۈلۈككە تولغان بۇ سەھەر خىياللىرىمنى شەبنەملەرگە چىپچىۋەتتىم، چاك-چاك باغرى سالقىن ھېسلارغا قانسۇن دەپ.

يىغانلارنى يوشۇرالمايمەن، ئۈن سېلىپ يىغلىمىدىم، پەقەت قىيماسلىق بىلەن ئاشۇ سولغۇن جىرالارغا، ھەيۋەت دەرەخلەرگە جىمجىتتقىنە قاراپ قويدۇم.

شاماللارنىڭ كۈيلىرىدىن زاھىر بولمىش بىر ئەزگۈلۈك ئاخىرقى ئەسلىمىلىرىمنى سەگىتتى.

سۈزۈك ھېسلاردا چايقالغان سەھەر كىملەرگىدۇر قىسسە سۆزلەيتتى.

يىغانلارنى يوشۇرالمايمەن. يىغلانغان كۈيلىرىمنى سەندىن تامام يوشۇرماقچى بولۇپ مەن بۇ يەردىن كەتتىم.

# يالغۇزلۇق

چۈشلەرنى كۆيلىگەن كىچە ياز ھەققىدە ئەزگۈ خىياللارغا چۆمۈلدى ئۆزۈندىن-ئۆزۈن. شىلدىرلىغان ياپراقلار سۆيگۈ ھەققىدە قىسسە سۆزلىدى شۇنچە ناتىۋان. خىيال بولۇپ رۇجەكلىرىڭدىن سىرغىپ كىرسەم دەيمەن. ئاشۇ مەغرۇر تۇرقۇڭنى يېنىپ-يېنىپ ئەسلەيمەن. كىچىلىرى قوللىرىمنى سەن دەپ قىياس قىلغانلىرىم بار، تىزىق-تىزىق يۇلتۇزلارنى خىياللىرىمدا سەن ئۈچۈن بويۇنلىرىمغا ئاسقانلىرىم بار. گۈگۈمنى ھۆللىگەن كىچە تاڭلار رىسالىسگە قېنىپ-قېنىپ رەڭ بېرىدۇ، خۇددى ئالتۇن رەڭدە. قەلبىمنى ئۆرتىگەن خىياللارنى قوغلىيالمىدىم، ھېسلار شۇنچە-شۇنچە خىرامان. يەنە بىر رەت خۇش ھىدلىرىڭنى ھىدلىسام دېدىم، روھىمنىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرىنى يورۇتسا دېدىم. چۈشتىكى بىغۇبارلىق، خىيالدىكى ئاداققى ئارمان ئاستا غايىب بولدى، خۇددى بىر پارچە بۇلۇتتەك. پەرۋاسىز كۆيلەر كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياشلارنى توختىتالمىدى، يۇلتۇزلار قىسسە سۆزلىدى چۈش ھەققىدە. يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى مېنى ئۇزاق ئەسلىملىك بىپايان كەچمىشلىرىمگە ئېلىپ باردى، ئىچىمدە بىر دەريا ئاقتى، بارلىق ئارمانلىرىمنى لېيىتىپ. تۈنلەر گۈللەرنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى ئۇزاققىچە تىڭشايمەن. چوغلانغان خىيال ئىچىدە ۋىسالىڭ پەقەت مۇشۇ سەھەرلا يەنە بىر قېتىم بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە!

كېچىنىڭ جىمجىتلىقىغا جور بولىمەن، ياز بولۇپ شېرىن مېۋىلىرىڭنى ھىدلايمەن. تاشقىنلاۋاتقان ھېسلىرىمنى يوشۇرماقچى بولىمەن يۇلتۇزلارنىڭ ئۆۋىسىغا. خىياللىرىمدا پارلاپ تۇرغان بىر

سەھەرسەن، ھەسرىتىم سىنىڭدە كەچ بولىدۇ. يىلىنجاپ تۇرغان ئارمانىسەن، بەختىم پەقەت سەندىلا يىگانىلىككە يول ئالىدۇ. كىملەرگىدۇر قول پۇلاڭلاتتىم، خوشلىششىش ئۈچۈن ئەمەس. گۇللەرنى ئازابلىرىم بىلەن يىغلاتتىم، ئۇنىڭدا ھىجران تۇنلىرى تولغاچقا پەۋەس... ياز كۈيىنىڭ ھەر بىر نوتقى سىنىڭ ئۈچۈن مېلودىيە يازدى.

مەن شېئىر يازدىم كۈي ھەققىدە...

# روھ پەسلى

ئېزىلگەن روھىمنى تەڭقىس ھېسلاردا يىغلاتقىنىڭ راست، خىياللارلا شۇنچە ھۇزۇر ۋە شادىمان. قۇشلارنىڭ ئاۋازى غېرىبلىق ناخشىسىغا تەڭكەش بولىدۇ. ئايدىكى مىسكىنلىك تۇرغۇن ھېسلىرىمنى ئۈنسىز يىغلاتتى، ئاۋازىمنى سېزەلمەيسەن. خىياللىرىڭدا مەن يوق. گۈللەرگە قارايمەن، كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ لەۋلىرىم پىچىرلايدۇ بىرلا سۆزنى. شېخىدىن ئۈزۈلگەن قىزىل يوپۇرماق يەرگە چۈشمەكتە. ئېسەدەپ تۇرۇپ بارلىق ئەزگۈلۈككە قۇلاق سالىمەن. كۆزلىرىڭدە ۋاپا بىلەن سۇغىرىلغان نۇرلار يوق، يۈرىكىڭدە ئىشقىڭ بىلەن كۈيلەنگەن ناخشىلار يوق. سەن چۈشەنمەيسەن شېكەستە بولغان دىلىمنى. ياز گۈللىرى پورەكلىگەن بۇ كۈنى خىيال بىلەن كۈيلەنگەن كېچىگە ئۈنسىز شۇڭغۇدۇم. تېنىمدىكى بەرداشلىق بارلىق ئارمانلىرىمنى بىتچىت قىلماقتا ئىدى. ئاۋازىڭنى ئەسلىمەكچى بولىمەن، ئەسلىيەلمەيمەن، مېھرىلىك كۈلۈشلىرىڭنى سىلىماقچى بولىمەن، لېكىن ئۇنداق قىلالمايمەن، ھەممە نەرسە شۇ قەدەر غۇۋا، خۇددى مۇشۇ ئايسىز كېچىدەك. سۇلار شىلدىرلىمايتتى، گۈللەر پىچىرلىمايتتى. خۇددى روھ پەسلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى يېتىپ كەلگەندەك. ئېچىرقىغان قىسمەتلەر ئاشۇ مەغرۇر كۈلۈشلىرىڭ ئالدىدا قاراسلاپ سۇندى، تۇمانلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. سۆيگۈگە بولغان ئەقىدەڭنىڭ يوقلۇقىدىن قىلچە رەنجىمىدىم، كۆزلىرىڭدە مېھىر ئۆچكەن. سۆيگۈ دەپ ئىلتىجا قىلمىدىم، كىملەرنىڭ ئايازلىرىغا تەلپۈنگىنىڭنى بىلمەيمەن. ئۆزۈڭنىڭ تەسكىنلىكىگە چۆككەن روھىڭ كىملەر ئۈچۈن قۇربان

بىرىشى مۈمكىن، بۇلارنى بىلگۈم يوق. ئۆزۈمدىن يىراقلىسام دەيمەن، خىياللار يوق بىر جايغا. پەقەت قەلبىمدىكى جاراھەتنىڭ تىززاق ئىغىز ئېلىشىنى كۈتىمەن. يوللاردەك سوزۇلغان كېچە ماڭا بارلىق ئەسلىمىلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق گۈزەل ۋەھىمە ئىچىدە سەندىن يىراقلىدىم. ياز ياكى قىش پەسلى ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم، يامغۇر ياغدى، قارلار كۆچتى، گۈللەر غازاڭ بولدى، چۈشلەر يوق، باللار ئاياغسىز. تىنىمسىز كۆيۈۋاتقان ئارمانلىرىمدا بارلىق بەرداشلىقىم بىلەن ئۆزۈمگە «خوش» دېدىم. روھ ئالۋۇنلىرى ئۆز ناخشىسىغا تەڭكەش بولدى، كۆزگە كۆرۈنمەس خىياللار يېقىملىق جىمىرلىدى، چۈنكى بۇ يەر روھ پەسلى ئىمىش...

# مەڭگۈلۈك چاقىرىق

يامغۇر ئۆجمە يوپۇرماقلىرىغا شىددەت بىلەن سوقۇلغان ئاشۇ كۈنى سەن يېنىمىزدىن كېتىپ قالدىڭ، دادا، ئاق ئۆجمىلەر مەي بولغان بۇ كۈنى بەندىچىلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، سەن پانىيدىن باقىيغا يول ئالدىڭ.

بۇ كۈن ئۆلۈغ جۈمە كۈنى ئىدى. ئەللىك سەككىز يېشىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باھارى زۇلمەتلىك دەملەرگە باش قويدى. ھەسرەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىداسى ئاق ئېچىلغان لەيلىقازاقتەك ئۈنسىز تىترىدى، يېتىملەرنىڭ نالىسى كۆل رەڭ يامغۇر بىلەن بىرلىشىپ ئازابلىق نالەشلەرگە ئايلانغان ئاشۇ كۈن ئۆرتىنىش ئىچىدە ئۆھسىندى.

سەن كەتتىڭ دادا نۇر بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەبەدىيلىك ماكانىغا، سەن كەتتىڭ دادا بۇ ئالەمدىكى يېگانىلىك كۈلپىتىنى ئانامغا قالدۇرۇپ. ئالەم ئازابلىق بالقىشلار ئىچىدە ئېغىر ئۆھسىندى، كۆيگەن خىيال قارا رەڭلىك لىباستەك سۇرلۈك يالتىرايتتى، گۈللەر سولدى، سۇلار ئاقتى، ئاپئاق ئېچىلغان لەيلىلەر بىلەن تولغان بۇ مەھەللىدە ئىزلىرىڭلا قالدى دادا.

كۆكلەرنى تىترەتكەن نىدا ئاخىرقى سەپەرگە ئات سالدى، كېچىلەرمۇ قارا، يۇلتۇزلارمۇ غۇۋا ئىدى.

ئازابلىق نالەشلەرگە تولغان كارىۋاتلار يوق، ئاپئاق خالاتلار ئەمدى كۆز ئالدىڭدا لەيلىمەيدۇ دادا، چىدىغۇسىز ئاغرىق ۋۇجۇدۇڭنى قايتا ئازابلارغا دۇچار قىلالمايدۇ دادا.

سەن كەتتىڭ، شۇنچە خىرامان كۆزلىرىڭنى يۇمۇپ، بۇ ئالەمدە تۇتقان روزىغارىڭنى قويۇپ. ئەلەملەرگە ئەلەملەرنى تىگىشتىڭ، بۇ ئالەمگە قىيالماسلىق بىلەن ئاخىرقى قېتىم باقتىڭ.

ئاق ئۇجمىلەر مەي بولغان مەھەللە مۇسىبەت قايناملىرىغا جور بولدى، بىر ئۆمۈر جاپاكەشلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ ۋىدا يولىغا ئاتلاندىڭ دادا.

يوللار كۆيدى، دەرەخلەر قىرغىن ئازابلارغا چۆمۈلدى، سۇلارنىڭ ئاۋازى ماتەم كۈيلىرىگە تولىمۇ ئوخشايتتى.

غۇۋا كۆلەڭگىلەر چاقناپ تۇرغان بۇ جايدا بىر قالدۇق، ئاددىي قەبرىلەر ئالدىدا ئۆلۈم ھەقىقىتىنى تونۇپ يەتتۇق.

باھار كەلدى، باھار كەتتى، قۇشلار قەبرەڭگە قوندى، ياپيۇزلار تىۋىشلىرىڭنى ھىدلىدى.

ئاشۇ ئاددىي قەبرە ئالدىدا نېمىلەرنى خىيال قىلغىنىمنى بىلمەيسەن دادا، مەن تىلىدىم روھىڭنىڭ ئەمىن تېپىشىنى، مەن قىياس قىلدىم، سېنى قايتىپ كېلىدىغاندەك. ئۆلۈم ئۇ بىر ھەقىقەت ئىدى دادا، ھەممىمىز كېتىمىز، بىراق، بىراق قاچان كېتىدىغانلىقىمىزنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز.

چەكلىك ھاياتىڭدا ئېرىشكەن شەرەپلىرىڭ، تارتقان كۈلپەتلىرىڭ قالدى، سەن بىزنىڭ مېھرىبان تاغدەك يۆلەنچۈك دادىمىز ئىدىڭ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازى ئىدىڭ.

پانىيلىق ھەم باقىيلىق توزانلىرى ئىمىر-چىمىر خىياللارنى ئېلىپ كەتتى. سەۋر تىلىگەن قەلبىمدە ئۆچمەس ھەم يارقىن بىر سىيما تىنىمسىز لەيلەيتتى، خىيال بىلەن قوشۇلغان يوللار ئۇجمىلەر تۆكمە بولغان بۇ مەھەللىنى كېزىپ-كېزىپ تىنمايتتى.

ئۆلۈمنىڭ ساماۋى چۇقانلىرى سېنى ئېلىپ كەتتى، ئەمدى سېنى نامەلۇم ئاغرىق ئازابى قىينىيالمايتتى.

ئەمدى سېنى تۇرمۇشنىڭ غېمى ئالدىغا سېلىۋالالمايتتى دادا، لېكىن سەن تاغدەك يۆلەنچۈكۈم ئىدىڭ، ئۇچاي دېسەم قاناتىم ئىدىڭ، كۈلەي دېسەم شادلىقىم ئىدىڭ. يايلاي دېسەم يايلىقىم ئىدىڭ، بۇ ئالەمدە بايلىقىم ئىدىڭ.

ئەمدى سەن بىرلا نەرسىگە موھتاج بولىسەن، خىياللاردەك يېقىملىق دۇئالارغا...

# چىغىر يول

ئېقىن سۇلار بىلەن ھۆللەنگەن دالا تاڭ نۇرلىرى ئىچرە يېقىملىق جۇلالايتتى. قوۋناق دەملەرنىڭ شاھىتى بولغان چىغىر يول گۈزەل ئەسلىملەرگە تولغان شېرىن ھاياتنىڭ ئاراملىق كۈلكىسىنى ئەسلەتمەكتە. قۇشلار كۆيى يارقىن ھېسلارنى كۆڭۈل ئەينىكىمگە سىزماقتا. تەبەسسۇملار گۈللىگەن بۇ كۈن خىياللارنىڭ تەگسىز ئەسلىمىسى ھاياتقا بولغان قىزغىن سۆيگۈنى ئۈنسىز چاقىرىدۇ. نېپىز تۇمان ھېلىلا ياغلىقتەك لەرزان ئۇچاتتى، قۇشلار كۆيى يارقىن ھېسلارنى يەنە بىر قېتىم تەۋرەتتى.

سۈكۈناتلىق دەملەردە يېقىملىق كۆيلىرىمنى ساڭا بېغىشلىدىم. گۈلگۈن كۆيلىرىمدەك يېقىملىق كۆيلەشلەر جەنۇب شامالىرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. كۆزۈڭدىكى ساپ مەنىلەرنى شۇنچە ئۇزۇن ئىزدىدىم. قەلبىمدىكى پىچىرلاشلار روھىم ئېتىزلىرىدا تاشقىن بولغاندا، سەن مەن ئۈچۈن تۇغان سالمىدىڭ. يوللارنىڭ يارقىنلىقى سېنىڭ كۆيلىرىڭنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. بۇ ئېسىل بىباھا خىياللار نۇرلۇق تىلسىمغىلا ئوخشايتتى. سۆيۈملۈك ئازابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرى دالىدىكى لەيلىقازاقتەك يېنىك يەلپۈنمەكتە ئىدى.

قۇلاقلىرىڭغا پىچىرلىمىدىم، پەرۋاسىز كۆيلىرىڭدە مەن ئۈچۈن نامە يوللىمىغىن. ساڭىلا تالىق بولغان لەۋەنلىك باھار گۈللىرىنى سانىسىز جىمىرلاشلارغا چۆمدۈردى. داللاردىن بالقىغان ھېسلار باھار گۈلىستانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەۋسۇمىنى ئىزدەپ كەتتى. پۈتمەس مۆجىزىگە ئوخشايدىغان بىر كۆي سەن ئۈچۈن ئاشىقلىق خىتابنامىسى ئوقۇغان بولغىيمىدى.

سۇلار شىلدىرلىدى، قەلبىمىكى ئۆرتىنىشلەر بىر تۇتام گۈلگە ئايلاندى. غېرىبانە خىياللىرىمدا بۇ چىغىر يولدا سېنىڭ يېگىلانغان ئەزىم كۆيلىرىڭگە قۇلاق سالدىم.

دالا كۆيلىرى ئەبجەش خىياللارنى كۆكۈم-تالقان قىلغان، چۈش بىلەن رەڭلەنگەن بۇ گۈزەل مەنزىرە دىل قەسرىمنى چىرمىۋالغان بۇ كۈنى ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

ئىچىمدە پىچىرلىدىم: ئېھ ناتىۋان چىغىر يوللار.

# ئۇنسىز قايتىش

ياز ئاسمىنىدىكى ئىمىر-چىمىر دولقۇنلار ئارىسىدا نۇر زىياسىنىڭ مېھرىلىك چاقناشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

قەلبىمدىكى بىقارارلىق خىياللىرىڭغا بىر لەھزە سۇنالىسا ئىدى دەپ ئويلايتتىم. ھايات گويا گۈلگە ئوخشايتتى، ھەر قەدەمدە سۆيۈپ ياشايتتىم. قەلبىمدىكى پۈتمەس سەترىلەر سەن ئۈچۈنلا يارالغاندەك كۆي پەسلىگە تەڭكەش بولاتتى.

كۆكۈم قاراڭغۇسى ئاستا قويۇقلاشقاندا، يوچۇن يەرلەردە سېنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكتۈم. غۇۋا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان مەۋجۇتلۇق ھەممە، ھەممىنى نامازشامگۈللىرىنىڭ پىنھانلىقىغا باشلىماقتا. گۈللەرگە ئامراقمەن، ھىدلىرىدىن مەست بولغىنىم ئېنىق، ھەممە ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان بولسىمۇ. گۈللەردەك تەلپۈنۈشتە يوللىرىڭغا قارىدىم، ئەخمەقلەرچە خىيالپەرەسلىكىم مىسكىنزارلىقىمنى سانسىز جىلۇىلەرگە ئورىدى.

يوللار، ئورمانلار يۈكسەك خىياللار ئىچىدە تىنىمسىز لەيلەيتتى. ئاز كۈندىن كېيىن بۇ يەرلەر قىزغۇچ يوپۇرماقلارغا تولۇپ كېتىدۇ. قەلبىمدىكى ئەڭ گۈزەل مەخپىيەتسەن، يوللارنىڭ پىغانلىرى سېنىڭ ئۈچۈن ئەسلىمە يېزىپ چىقىدۇ.

بۇلۇتلۇق ئاسمانلار يامغۇرلار كۈيلىرىگە تەڭكەش بولغىنىدا، مەن قىزغىن يىغلاشلاردا سەن بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن قول پۇلاڭلىتىمەن، تاڭ نۇرلىرى ئىچىدە شىلدىرلىغان ئاۋازلاردا ساڭا «خوش» دەيمەن.

مەيلى ئاللىقانداق تۇشلەرگە ئىنتىزار بولماي، ئاياغ تۇشلىرىڭنى ئەمدى ئاڭلىيالمايمەن.

گۇل مىسالى مەندىن يىراقلىدىڭ، قۇش پېيىدەك يەڭگىل تۇيغۇلاردا بەلكىم ئۇنىسىز قايتماقچى بولغانسەن.

تۇنلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن پىغانلىرىمنى ئازاب گۇللىرى بىلەن كۆكلەتمەكچى بولغانسەن، مەيلى نېمىلا قىلمىغىن ئەيتاۋۇر ئەمدى شاد كۇلەلمەسلىكىم تۇرغانلا گەپ. كۆزۇڭدىكى ساپ مەنىلەرگە چۆكمەكچى بولۇپ ئۇرۇنۇشلىرىم شامالدىكى توزاندەك غايىب بولدى. ھەر شامۇ سەھەر تىپكىستىسىز ناخشىلاردا ئۆزۈم بىلگەن ئاھاڭلارغا تىنىمسىز غىڭشىدىم.

لېكىن مەن ناخشا ئېيتماقچى ئەمەسمەن. ئەبەدىيلىك جۇلاسىغا جور بولغان كېچىلەر ئاق لەيلىدەك لەۋەنلىكتە مەيىن خىياللارغا مەشغۇل بولدى. بارلىق ئۆرتىنىشلەرنى پىنھانغىنە يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ساڭا «خوش» دېمەكچى بولدۇم.

ياز يامغۇرلىرى تۇنلەردىكى ئازابلارنى يۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس. باراقسان شاخلاردا قۇشلارنىڭ تىنۇشلىرى ئۇزۇلمەيدۇ. يامغۇردىن كېيىنكى بۇ ساپ ھاۋادىن ھېچكىم، ھېچكىم بۇنچە كۆپ تەشۋىشلەرنى ھېس قىلالمايدۇ.

تۇنلەردىكى زاھىرلىق يېقىملىق كۈيلەرنى قايتا ياڭراتقىنىدا، مەن ئاللىقاچان بۇ جايدىن يىراقلاپ كەتكەن بولىمەن.

ھەر شامۇ سەھەر باغلاردا گۇللەرنىڭ ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمەن، بۇ بىر مۆجىزە بولۇشى مۇمكىن، گۇلنىڭ ئېچىلىشىنى تالاي قېتىم كۆرمەكچى بولغانمەن، بىراق قانداق ۋاقىتتا ئېچىلىپ بولغانلىقىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى.

بىپايان خىياللاردا گۇللەردەك خىراملانلىقتا سەن بىلەن خوشلاشماقچى بولىمەن.

قاچان بولمىسۇن ھامان بىر كۈنى.

# ئانامنىڭ يالغۇزلۇقى

ھەمىشە مۇڭلىنىپ قالغانلىقىڭنى كۆرۈپ قالىمەن، دۇنيا مالامەتلىرىدە يالغۇزسەن ئانا. كېچىلەردە چىراغلىرىڭنى ئۆچۈرمەيسەن، بەزىدە خىيالدەك، بەزىدە تەشۋىشتەك ئىشىكلەرگە قارايسەن، لېكىن دادامنىڭ ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىنى ھامان ھېس قىلىسەن. قورايدەك قاتقان قوللىرىڭ، ئاپئاق چاچلىرىڭ، مۈكچەيگەن بەللىرىڭنى كۆرۈپ ھاياتنىڭ قىسمىتىنى قايتا تونۇغانمەن. سەن يەنە ئايرىلىشنى خالىمايسەن، دادام بىلەن تىكلىگەن مۇشۇ روزىغارىڭدىن. تەشۋىشلىرىڭگە قېتىلغۇم كېلىدۇ، ساڭا قاراپ دەريا-دەريا يىغلايمەن. قايناق شەھەرگە كېلىشكە ئۈندىمىدىڭ، يېلىنىشلار بىكارغا كەتتى.

ساڭا قاراپ بەزىدە شۇنچە مۇڭلىنىپ كېتىمەن، قەلبىڭدە بىر ئۆچمەس پارلاق مېھىر بار، پەرزەنت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر تۆكتۈڭ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ سەن ئۈچۈن ھېچ پەرقى يوق. بىزلەرگە ئۆزۈڭ يېمەي يېدۈردۈڭ ھەمدە كىيمەي كىيدۈردۈڭ. مانا قۇشلىرىڭ قەلبىڭ ئاسمىنىدا ئاخىرى پەرۋاز قىلىپ بىر-بىرلەپ ئۇچۇپ كەتتى.

چۈشلەر چۈشلەرگە ئۇلاشتى، مانا ئەمدى يالغۇز قالدىڭ.

ئەسىرلەر مابەينىدىكى قايناقلىق ھايات مەۋسۇمىڭنى چېكىپ ئۆتكىنىدە سەن يەنىلا ئۈمىدۋارسەن ئانا، خىياللارغا خىيال قوشۇپ كېچە پەرىشتىلىرىگە بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ھارمايسەن.

كۆزلىرىمگە ياش كېلىدۇ، ئېسىل تائاملاردا تۈگۈنگۈم كېلىدۇ.

بىر ئۆمۈر ۋەھىمە-ئۈمىد، شادلىق-قايغۇ ساڭا ھەمراھ بولدى، پەسىللەر ئالدىراش ئالماشتى، توپراق، سۇلار، يېشىل

گىياھلار، تاقىرلار، قىش ۋە يازلار تىنىمسىز ئالماشتى، نىمانچە جاپاكەشسەن ئانا. مۇكچەيگەن قەددىڭ سولغان گۈلدەك پۇرلەشتى، ھايات مۇئەممالىرى ئىچىدە كۆلۈپ ھەم يىغلاپ ياشىدىڭ، ئەجەبا بۇ رىتىملىق مېلودىيەلەردە ئۇنسىز جاپا بىلەن ياشىدىڭ-يۇ، بىراق ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھېچنېمە ئېلىپ قالمىدىڭ. بارلىق مەۋجۇدات ئالدىدا پەرزەنتلىرىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن قابىلسەن، مېھىر گۈلخانلىرىدا كۆيگەن جىسمىڭ شۇ قەدەر بۇيۇكتۇر ئانا. «يالغۇز قالدىڭ ئانا» دېگىنىمدە كۆزلىرىڭگە ياش ئالىسەن ئانا، لېكىن سەن مۇشۇ كىچككىنە ۋەتىنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايسەن ھەمدە: «قىزىم ئۇنداق دېمە، مەن يالغۇز قالمىدىم، خۇدانىڭ ئۆزىمۇ يالغۇزدۇر» دەيتتىڭ شۈكرىلاپ، لېكىن مەھەللەڭدىكى دىلكەشلىرىڭنى كۆرگىنىڭدە تەنلىرىڭ يايراپ كېتىدۇ ئانا، بىر پارچە خىيالسەن.

بارلىق مېھرىمنى قوشۇپ يازغان لىرىكىغا تويۇنغان شېئىردەك تۇيغۇنسەن، كېچىلىرى يۇلتۇز سانايسەن، ھەر كۈنى باللىرىڭنىڭ يولىغا قارايسەن. سەن مېۋىلىرى شەربەت تېمىپ تۇرغان بېغىمسەن، ھاردۇق يەتكەندە يۆلىنىدىغان تېغىمسەن ئانا!

# يامغۇرلۇق كۈنلەر

شامالنىڭ تىنىمسىز نىدالىرىغا ياز يامغۇرى پەرۋا قىلمايتتى، كېچە سانسىز تامچىلاشلاردا پەرۋاسىزلارچە يامغۇر ناخشىسىغا تەڭكەش بولدى.

قەلبىم ئېتىزلىرى ياز يامغۇرىدا ھۆللەندى، بىغۇبارلىق مۇجەسسەملەنگەن بۇ كېچە ئاسماننىڭ پىغانلىرى شاماللارغا شۇنچە ئېرەنسىز ئىدى.

خىيال بىلەن يامغۇر ئىچىدە كۆز ئالدىمدا غۇۋا زاھىرسەن، ۋاھالەنكى يامغۇردىكى بۇ جىمجىت چۇقانلار ئۈنسىز ئەسلىمىلەرنى ھېچ ئۆچۈرەلىگەن ئەمەس، سۈس يەلپۈنگەن ھال رەڭ پەردىلەر ئىچىدە چاقناپ تۇرغان بىر ئۆكسۈش بار.

دېرىزىلەرگە ئۇرۇلغان يامغۇر نالىسى ۋاللىدە يېنىپ-ئۆچكەن يۇلتۇزدەك ئۈنسىز غايىب بولىدۇ.

ھاياتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان قۇشلارمۇ پەرىشان ۋە جىمغۇر، يوللار تەشۋىشلەرگە كۆمۈلگەن، قىرلاردىكى ئاق لەيلى سولغۇن ھېسلاردا تۈن لىباسىنى ئۈستىگە ياپقان ئىدى.

خىيال بىلەن گۈللىگەن كېچە ئاۋازىڭنى ئىزدەپ كەتتى. سۈرەن-چۇقانسىز ئەڭ ئاخىرقى ئاخشام غۇۋا كېچىدىن مىسكىن ئايىنى ئىزدىدىم. سانسىز تەلپۈنۈشلەر بىلەن ئاي يامغۇرىغا يۈزۈمنى تۇتتۇم.

# تىلەك

كۆڭۈل قۇشۇم سەن تامان ئۇچقاندا گۇگۇم سىنىك دېرىزەڭ تۈۋىدە مۆگدەيدۇ، سەن شۇ دەم شېرىن ئۇيقۇغا مەشغۇلسەن. تاڭ زىباسىدا تۈنىگەن شەپەققە ئورنىنى تورۇپمۇ، دېرىزەڭ تۈۋىدە قۇشلار ئۈنلەيدۇ، سەن شۇ قەدەر ئۇيقۇغا مەپتۇنسەن. سىنى ئەبەدىيلىك ناخشىلارنىڭ شېرىن ئاھاڭلىرىغا ئوراپ تورۇپمۇ، لىرىكىدەك قەلبىمنى ساڭا تۇتىمەن. يالقۇنلۇق ھېسلاردا ھەر بىر پەرىيادىم نۇر بولۇپ رۇجەكلىرىڭدە پورەك ئاچىدۇ. شۇندىمۇ خىيالەن زىبالىقىڭنى تاماشا قىلىمەن.

تەنھا كېچىلەردە ئاي نۇرىدا يۇيۇنغان تورقۇڭ ئەسىرلىك تەشنالىقىمنى يېلىنجىتىدۇ.

بىراق شۇندىمۇ پەرۋاسىزلارچە تورقۇڭغا ئىسەنكىرەش ئىچىدە ئاخىرقى قېتىم نەزەر سالدىم.

سەن بىر ئوردا، خىيال دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەن. سەن بىر بىر تۈپ دەرەخ. باراقسان سايىلىرى قۇشلارنى مەپتۇن قىلغان. سەن بىر دىيار. باھارلىرى، يازلىرى، قارلىرى پۇراقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. سەن بىر كۆي. دىللارنى ئەزگۈلۈككە ئىگە قىلغان. سەندە كېچىلەر تولۇق، بارلىق خىراماننىڭنى مېھرىگە زار قىلغان. سەن بىر ئاسمان يۇلتۇزلىرى چاراقلاپ تورغان.

سەن بىر دەريا. بارلىق ئەزگۈلۈكلەرنى ئېلىپ يىراقلارغا ئاققان.

ئۈمىدلىرىمدە، تەشۋىشلىرىمدە سىنى ئىزدىگىنىم راست، بىراق ئۇچراپ قالمايدىغانلىقىڭنى بىلىپ تورغاندۇرمەن.

باھار بولۇپ پېشايۋىنىمغا كەلمەيدىغىنىڭ راست، بىراق ھەر

كۇيدە ئىسمىڭنى زىكىر قىلغاندۇرمەن.

يولدەك پىنھانلىق، مەجنۇنتاللاردىكى بەھەيۋەت سۇلكەت جىسمىڭ پاراغىتىدە ئەسلىملەرگە ئورۇن بىردۇ. سەن مۇھەببەتنىڭ كۆكىدە شەكسىز غايىب بولغۇچى، غەمناك ھىسلاردا ھەممىنى ئارقىدا قالدۇرغۇچى. تىنماي ئىلگىرىلەيسەن ھايات قىسمەتلىرىدە، مەن يوللىرىڭغا قارايمەن، كۆزلىرىم تالغۇچە. خەير ئامرىقىم، بارلىق پىنھانلىقلارنى ئېلىپ ئەبەدىلئەبەد ئامان بولغايسەن.

# خىيال

مەن چۆمىمەن سېنىڭ ئەزگۈلۈكىڭگە، ئىھ! خىيال، ئاخشام ئېچىلغان مامكاپ گۈلىگە ئوخشايسەن.

يۈلتۇزلار ئۆيۈگدە تۈنەيدۇ، يوللار خىرامانلىقىڭغا يۈگرەيدۇ، بىر پارچە ئارمان سېنىڭ چۈشلىرىڭنى ئوقۇماقچى بولىدۇ. قەلبلەردىن ـ قەلبكە يول ئاچقۇچى، نۇرانە تۈيغۇلارنى دىل رىشتىسىگە چاتقۇچى يەنىلا سەن.

ئىھ خىيال، سەندە قاناتلاندىم. چاڭقاق دىلىمنى ئەسەبىي نالەشلەردە يورۇتۇپ، ئۈمىدلەرگە ئايلاندىم، نۇرانە كۈلكىلەرگە تولۇپ سەندىكى رەڭدارلىقتا چۆكىمەن. دەرەخلەرگە لىققىدە چۆككەن يوللاردا باراقسان كۈيلەردە سېنى كۈيلىدىم، قەلبىمدىكى ئازابلارنى ئوقۇماق بولۇپ. پورەكلىگەن گۈللەرنىڭ مەۋجىدە قىياس قىلارمەن بارچە گۈزەللىكنى يەنىلا سەندە دەپ.

چىغىر يوللاردا تۈنىگىنىڭدە سېنى ئويغىتىشتىن قورقىمەن، يارقىن ھېسلار چېھرىڭگە قونغىنىدا تەئەججۈپ بىلەن گىرىمسەن بويۇڭغا قارايمەن، ئىھ خىيال، قەلبىمگە سىن بەرگەنسەن. ھايات زوقىدىن بەھرىلەرنى، يازنىڭ ئەركە ئاپتاپلىرىدا سەبدەرگۈلنىڭ سېرىق چېچەكلىرىدىن سېنى تېپىۋالىمەن. ئىھ خىيال، شەبنەمدە ئوخشايسەن بۈلۈتلارنى سۆيۈپ گۈل بەرگىگە قونغان بىر تال شەبنەمگە.

# گۆل

گۆللەرنىڭ خۇش ھىدى مىنى مەپتۇن قىلدى. قۇشلار
خشىسىنى توختاتتى. يوللار ھارغىنلىقتا ئاقماقتا. كۆلكىلەر
ەيۇس. گۆل بولۇپ ھەر باھاردا پورەكلىسەم دەيتتىم.

گۆل پەسلى يىل ئەركىسى. يوللار تامام ئورمانزارلىق. شىغىل
اشلىق يوللاردا سارغايغان ياپراقلارنى كۆرەلمەيمەن، چۈنكى بۇ
ەر گۆل پەسلى.

گۆللەرگە ئامراقمەن، ھەر بىر غۇنچىسى چەكسىز باھادىرلىق
ىسىسىنى سۆزلەيدۇ، خۇش ھىدى جەلپكار تاگلارنى مەستخۇش
ىلىدۇ.

گۆللەرگە ئامراقمەن، ۋاللىدە يېنىپ-ئۆچكەن يۇلتۇزلاردەك.
ينىك چاقناشلار قەلبىم كۆكىنى گۆلىستانىڭغا باشلايدۇ.
ۇمىدلەر، ھەي ئۈمىدلەر، گۆل پەسلىدەك ياشارغان ئۈمىدلەر،
ەلتەنەتلىك بابىدا ھىجرانىنى كۆيلىگۆچى يەنىلا سەن ئۆزۈڭ.
ۆللەرگە ئامراقمەن، خۇش ھىدى شامالالارنى سەرگەردانلىقتا
وغلىغان. گۆل بولۇپ قات-قات بەرگىلىرىمدە شەبنەملەرنى
ىچىلدۇرسام دەيمەن.

ئىھ، گۆل پەسلى، ھاياتىنىڭ، ئۈمىدىنىڭ، سۆيگۈ-
ۇھەببەتنىڭ تۇنجى پەسلى.

# ئېھ، مېنىڭ غېرىبلىقىم

قۇياش بالقىپ تۇرغان سەھەرلەردە، ھەممە سەن تامان يول ئالغاندا ماڭا ھەمراھ بولغان ئېھ غېرىبلىقىم. غايەت زور ۋۇلقانلار ئىچىدە دۇنيا ئۆز مالامەتلىرىدە ئۈنسىز سەترىلەرنى سىزماقتا. ئالەم كۆيلىرىدىن مەست بولغان چەكسىز پىنھانلىق كېچىلەر رىسالىسىنى ئۈن-تىنسىز ئوقۇيدۇ. ئەسىرلىك كۆيلەشلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، خىيالدەك يېقىملىق قاراشلىرىڭ قەلب ئېتىزلىرىمدا شېرىن مېۋىلەرنى كۆكلەتكەن ئەمەسمۇ، ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، دەيتتىم ئىچىمدە. كۆتۈشلەر قايىنىمىغا غەرق بولغان كېچىلىرىم باھار شەبنەملىرىدەك سۈزۈك ھەم جۇلالىق ئىدى.

چۈشلەردىكى پىغانلار شۇنچە يارقىن. يالقۇنلۇق ئۈمىدلەرنى سېغىنىمەن، ھەسرەتلىك نىدالاردىن شۇ قەدەر بىزارمەن، ناخۇشلۇق بىلەن كۈلگەن يۇلتۇزلارنىڭ چېھرىدىكى يېقىملىق تارتىنىشلارنى سېنىڭ زىبالىقىڭ دەپ قىياس قىلىمەن.

ئورمانلارنىڭ سەلتەنىتى باغلاردىكى جۇشقۇنلۇق قىسسەلىرىنىڭ پايانىغا يېزىلماقتا. شامللارنىڭ لەرزان ئۇچۇشلىرى تىنچسىز قەلبىمنى يەنىمۇ داۋالغۇتماقتا. باھار بولۇپ ھەر بىر پەسىلدە ياشارسام دەيمەن. سۇلارنىڭ ئاۋازى، گۈللەرنىڭ پىچىرلاشلىرى سېنىڭ شاد كۈلكىلىرىڭنى تامام يوشۇرماقتا. ھەر بىر كۈي، ھەر بىر مۇزىكا سېنىڭ تىنىشلىرىڭنى ئەسلەتتى، مەيلى باھار، مەيلى زىمىستان بولسۇن، تولۇق ئەسلىملەر قوينىدا ياشىدىم. ئاينىڭ تارام-تارام نۇرلىرى، رۇجەكلەرنىڭ يېقىملىق

# ئارچا كۈيلىرى

ئارچىلارنىڭ ياپراقلىرى شىلدىرلايدۇ ئەڭ يېقىملىق
اخشىدەك. تۇمانلارغا ئايلانغان سەھەر باھار شامىلىدىن شۇنچە
ھوش. يوپۇرماقلار ئارىسىدا قۇشلارنىڭ شاد ناخشىسى، يېقىملىق
ۇن نۇرى كۆزلەرنى چاقنىتاتتى. خىيال بىلەن تۇنجى ئېچىلغان
بىرىق سەبدەرنى لېۋىمگە تەگكۈزدۇم.

شۇ پەيتلەر خىيالىمدا سىنىڭ زاھىر بولغانلىقىڭ راست، بىر
ايىگە ئوخشايسەن جىنىم، كۈنبويى خىياللىرىمدا يەلپۈنىسەن.
اي ئايلىرىدا كوكاتلارنىڭ نەمخۇش ھىدىغا چۆمۈلۈپ تۇرۇپ ئاشۇ
ونا چىغىر يولنى بويلاپ ئۇزاققىچە ماڭىمەن، ھەممە نەرسە
ۈشكە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن، گەرچە بۇ يەردە باھار داۋام
تىۋاتقان بولسىمۇ، ئىككىمىزنىڭ باھارى ئاللىقاچان ئاخىرلاشتى.
وللىرىمنى كۆتۈردۇم خوشلىشىش ئۈچۈن، پەقەتلا ئىككىمىزنىڭ
ولىدا يالغۇزغىنە ئورۇندۇق. ئارچىلارنىڭ ياپراقلىرى سارغايغان،
ەلبىمنى گۈزەللىك نۇرلىرى بىلەن بېزىگەن نەپىس كۈيلىرىڭ
اللىقاياقلارغا غايىب بوپتۇ. ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەس ئىزنالارغا
ۇشەررەپ بولغان سۆيگۈ قىسمىتى ھېلىھەم يارقىن ھەم جۇلالىق.
ىنى گۈلگۈن خىياللارغا ئوخشىتىمەن، چۈش ئىچىدە تۇرۇپمۇ
ۈش ئىزدەيمەن.

قەلبىڭدىكى دەۋرلىك ئاخىرقى نىدالارنى ھېس قىلغانمۇ
ۇنىسى نامەلۇم، باھار بولۇپ قەلب خانەڭدە بىر ئۆمۈر تۈنىسەم
ەيمەن، لىققىدە چۈشلەر ئىچىدە، ئاشۇ ئارچىزارلىق يولىدا

# پىنھانلىق

سەن سۈكۈت قىلدىڭ، قەلبىڭدىكى ئەبەدىي كەچمىشكە. يوللاردىكى پىنھانلىق ساڭا ئاراملىق بېغىشلىدى. سەن كەتمەكچى بولسەن، ئۆزۈڭ تەلپۈنگەن جايلارغا. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار ساڭا كۆز قىسقاندىمۇ ھەممىگە ئېتىبارسىز قارىغانسەن. سەن بىر خىيالسەن، يەنە بىر يېرىمىڭ چۈش. قەلبىڭدىكى نازۇك خىياللارنى نېمىگە شۇنچە يوشۇرغىنىڭنى ھېس قىلالمايسەن. سەن سۈكۈت قىلدىڭ، قەلبىڭدىكى جىمجىت تۇيغۇلارغا. يامغۇرلۇق گۈگۈمنىڭ كۈي-ناۋالىرى، تەكشى ئېچىلغان سەبدەرلەرنىڭ چىرايلىق جۇلاسى ئەبەدىي ئارمانلىرىڭنى يەلپۈپ ئۆتكىنىدە، سەن قەلبىمدىكى تۇنجى خىيالغا ئايلىنىسەن، ئامرىقىم.

سەن سۈكۈت قىلدىڭ، قارامتۇل كېچىلەردىكى زۇلمەتلىك يېغانلارغا. ئايسىز كېچىدىكى پىنھانلىق تەلۋە ھاياجانلىرىڭغا زەخمەت ئۇراتتى، خىياللىرىڭنى ئوراپ تۇرغان ھەشەمەتلەرگە چۈشىنىكسىز ھېسلاردا قارايتتىڭ. خىيانەت ئوقدانلىرىڭدىن چىققان ئاشۇ بىر تال ئوقنىڭ يۈرىكىمگە تەگكىنى ئېنىق.

سەن سۈكۈت قىلدىڭ، ھاياتىڭدىكى سان-ساناقسىز كۈنلەرگە. نەردانە خىياللاردا نەپىس تۇيغۇلارغا چۆمۈلگىنىڭ راست. سەن سۈكۈت قىلدىڭ، ساڭا تەنھا ئەسرا بولغان دەملەردىكى بەختىيار، شېرىن تۇيغۇلارغا. مەن تۇرۇپ قالىمەن سېنىڭ جىمجىتلىقىڭدىن چىقىپ، مېنىڭ جىمجىتلىقىمغا كىرىدىغان پىنھان يولدا.

# چوغلانغان ھېسلار

ھەسرەتلىك ئاۋازىم سىرلىق پىچىرلاشلارنى بېسىپ كەتتى، تۇمانلار كۆلەڭگىسى يالقۇنلۇق سادالارنى يۇتۇپ كەتتى.

ئۆمۈر مەنزىلىمدە سەن بارلىق خۇشاللىقىمنىڭ بارىسى ئىدىڭ. باھار سېنىڭدىن ئەنداز ئالغان، يوللار خىياللىرىڭدەك ئارامبەخش ئىدى، سېغىنىشلىرىم تۇيغۇلىرىڭ ئىزغىرىنلىرىدا ئاستا ـ ئاستا كۆيمەكتە ئىدى.

مەن ھەر بىر تۈنىنىڭ مۇقەددىمىسى. بىر ئوتلام سەھەر ئىچىدە، بۈككىدە ئارمانلار ئىلكىدە چوغلانغان ھېسلىرىمدا سېنى كۈتەتتىم. چەكسىز تەنھالىق، مەغلۇبىيەت ئىچىدىكى كۈتۈش ھايات مۇئەممالىرىغا چەمبەرچاس باغلانغان.

سىرلىق پىچىرلاشلار مەۋجىدە مەن خىياللىرىمدىن خوشلاشماقچى بولدۇم. ماڭا تەۋە ئەمەس بولغان كوچىلاردا غېرىبلىق ناخشىسىغا تەڭكەش بولۇپ يۈرگەن كۆڭلەردە، مەن يەنە سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭغا ئەسىرمەن.

مەڭگۈ ئايالاشماس ھېسلارغا تىمسال بولساڭمۇ، كۆز ياشلىرىم بىلەن بارلىق پىنھانلىقلارنى ئۈزۈپ قويدۇم.

باھاردىكى ئىزغىرىن شامال سېنىڭ تىنىقلىرىڭنى ئەسلەتتى، يوللار ئاۋازىڭنى كۈيلىدى، ھېسلار چۈشلىرىڭنى قىزغىن ۋە قىزغىن ئوقۇدى.

خىيال ئاپتاپلىرىمدا نەمدەلگەن تۇيغۇلىرىمنى قۇرۇتتۇم، ئىككىمىزگە تەۋە ئارمانلارنى بارلىق جۈرئەتلىرىمدە ئۇنتۇدۇم. ئاداققى كۈيلەشلەر، پىنھانلىق ئەسلىمىسى ئىچىدە غېرىب گەۋدەمنى يۇدۇپ يىراقلىماقچى بولدۇم...

ئاشىقانە ھېسلىرىمىزدا ئەڭ ئەبەدىي، ئەڭ يارقىن ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، گاھى-گاھى ئۇچرىشىپ تۇرىمىز، گاھى يوللاردا، گاھى خىياللاردا... تىنىمسىز ئەسلەش، ئۇنتۇش، سېغىنىش ھېسلىرى نامەلۇم سىزىقلاردا، نامەلۇم تۇيغۇلاردا لەيلەيدۇ، لەيلەيدۇ، كېچە ئاسمىنىدىكى نېپىز بۇلۇتلاردەك.

بارلىق سىغىشماسلىق قىيامىغا يەتكەن يارقىن ھېسلار ئۈنسىز دەۋرەيتتى. لەيلەپ يۈرگەن تەنھالىقىم ئىچرە خىياللىرىڭنى ئوقۇيمەن، چۈشلەر ئالىمىدە بۈيۈكلۈكۈڭنى ھەردەم سېزىپ چىقىمەن.

يۇلتۇزسىز كېچىدىكى بىغۇبار تەنھالىقىم سېنىڭ ۋۇجۇدىڭنى ئاخىرقى قېتىم لەرزىگە سالسا ئىدى، قىسمەت جۇدۇنلىرىدا پارە-پارە بولۇشقا تەييار ئىدىم. قىزغىن پىچىرلاشلار ھاياتتىكى مەنالارنى يورۇتىدۇ. قىزغىن كۆيلەشلەردە ئىسسىق يۈرىكىڭگە لەۋلىرىم ئىزنالىرىنى قالدۇرسام دەيمەن. پۈتۈن ئالەمدىكى بارلىق شادلىقىم سەندىن باشلىنىپ، سەندە ئاخىرلىشىدۇ.

# شامالنىڭ ئاۋازى

ئاۋازىم ئاۋازىڭنى سىلاپ ئۆتكىنىدە ھىجران تۈنلىرىدە يېگانىمەن. خىيالدەك يارقىنلىق، سۈكۈتتەك جىمجىتلىق ئىلكىدە ساڭا قاراپ پىچىرلايمەن. كۈتۈشلەر مەي باغلىغان گۈلگۈن سەھەرلەر شامالنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلغۇم، ئەركىن ئۇچۇپ چاچلىرىڭغا تاتلىققىنە پىچىرلىغۇم كېلىدۇ. مەن سېغىنىمەن ئىككىمىزگە تەۋە مىنۇتلارنى. كۈتۈش ۋە ھىجرانىنىڭ بۇ ئۇزۇن يولىدا بەك ئۇزاق ماڭدىم. مەن تەلپۈنگەن خىياللار شۇنچە يارقىن، لېكىن مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن. ساڭا بولغان سېغىنىشلىرىم باھارغا بولغان مۇشتاقلىققا نەقەدەر، نەقەدەر ئوخشايدۇ-ھە!

شامال بولۇپ يېنىڭغا بارالمىدىم، تۈنلەردە چۈشلىرىڭگە ھەمراھ بولالمىدىم، ھەسرىتىمنىڭ چىن مەنالىرىنى قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىزالمىدىم، لېكىن مەن ھەممىگە كۆندۈم، جىمجىت كۈتۈشلەرگە، ئايىغى يوق خىياللارغا، روھىمدىكى ئەڭ گۈزەل چاڭقاقلىققا. ئەسلىمىلەر سۈزۈك ھېسلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان، ئوتلۇق نەزمىلەر رەڭدار خىياللاردەك زاھىر بولغان شۇنداق بىر كۈنى، بىز ھەممە - ھەممىدىن مەھرۇم قالىمىز، لېكىن خىياللىرىمىز رەڭسىز، تەنلىرىمىز ماجالسىز، ھارارەتلەر لەززەتسىز سادالاردا ھەردەم لەيلەيدۇ. قۇلىقىم تۈۋىدە شامالنىڭ ئاۋازى، ھەسرىتىم كۈيىدە سۆيگۈڭنىڭ پەرۋازى. مەن سېغىنىمەن خىياللىرىمدا سۈزۈك يارقىنلىقنى، تىنۋشلىرىڭدىن زاھىر بولغان ئاراملىقنى. مەن كۈيلەيمەن باھارنىڭ رەڭگىدىكى يېشىل ئارمانلىرىمنى. مەڭگۈ ئۆزۈلمەس ئەستىلىك مېنى يەنە يىغلىتىدۇ، شۇنچە جىمجىت، شۇنچە سۈكۈتتە!

كۈتۈشنىڭ بارخانلىرى ئاستىدا ئېزىلگەن روھىم كۈيلەرنىڭ ئەلەملىرىدە ھەردەم قىينىلىدۇ. ئايىغى يوق بۇ ئۇزۇن يوللارنىڭ ئىككى چېتىدە سېرىق گۈللەر ئازابنىڭ رەڭگىدە سېرىق ئېچىلغان. روھ ناۋالىرىغا كۆنۈككەن قەلبىم ھەسرەت دەرياسىغا غەرق بولغان. مەن ياش تۆكىمەن، سەن ياش تۆككەنگە قەدەر! خىياللىرىمدا بىز ئۇچراشقان دەملەر گاھى خىيالدەك، گاھى ئارماندەك غىل-پاللا زاھىر. قۇلىقىم تۇۋىدە شامالنىڭ ئاۋازى.

# كەچ كۆز لىرىكىسى

پەسىللەر خىيالىمنى باغاشلىغان ئاشۇ دەملەر ھېلىھەم ئېسىمدە. زېمىن ساپسېرىق تون كىيگەن، يەر سېرىق گۈللەر بىلەن بېزەلگەن ئاشۇ سۈكۈناتلىق دەقىقىلەرنى تالاي قېتىم ئەسلىگەندىمەن.

ئەسلەش بىلەن سېغىنىش، ئۇنتۇش بىلەن كۈتۈش چوڭقۇر گىرەلەشكەن ئەزگۈ مىنۇتلار داۋام ئەتمەكتە.

مەن ساڭا قاراپ، مەن كۆرەلمەيدىغان يېقىملىق سىيمايىڭغا قاراپ ئاستا شىۋىرلايتتىم: «قايدىسەن ئەزىزىم.»

ئىسسىق ياشلار شەبنەملەر بىلەن بىرلىشىپ كەتمەكتە، گۆگۈم قوينىدىكى كەچ كۈز ئاخىرقى جىلۋىسىنى يەر يۈزىگە تەكشى سەپمەكتە.

بىر ئەزگۈ ناخشا لەيلەۋاتقان سېرىق رەڭ ئارىسىدا ئاستا-ئاستا ئېرىپ كەتمەكتە.

غازاڭلىق يوللارنىڭ ئاخىرقى چۈشلىرىدەك كۆرۈنگىنى ھال رەڭلىك گۆگۈم، مېنى ھەم، ھەم سېنى ئاستا-ئاستا يۇتۇپ كەتتى. مەن يىغلايتتىم، ھەممە ئاخىرلىشىۋاتقان، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان ئاشۇ گۈزەل، غۇبارسىز گۆگۈمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇن-تىنسىز يىغلايتتىم...

ئايىغىم ئاستىدا كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى بىر تال يوپۇرمىقى لەيلەپ-لەيلەپ يەرگە چۈشتى.

مەن تەشۋىشكە، غېرىبسىنىشقا ئەيتاۋۇر چۈشكۈنلۈككىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزۈمدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىماقتىمەن، مەن شىۋىرلىدىم، مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كېتىمەن.

# ئۇزىتىش

سىم-سىم يامغۇر تۆكۈلەتتى، ئەتراپ تەگداشسىز خىياللارغا چۆمەتتى، ياۋا گۈللەر يامغۇرنىڭ سۆيۈشلىرىدىن بىھوش بولۇپ يېنىككىنە سىلكىنەتتى. تۇمانغىمۇ، باھارغىمۇ ئوخشىمايدىغان رەڭسىز بىر كۆلەڭگە خىياللىرىمغا يېگانىلىك بېغىشلىماقتا ئىدى. ئۇزىتىشنىڭ ئاشۇ دەملىرىدە، تەشنالىق باغلىرىمدا سېنىڭ بىغۇبار كۈلكىلىرىڭنى زورمۇزور ئىچىلدۇرماقچى بولغانلىقىم ھېلىھەم ئېسىمدە. يىغىۋاتقىنى سىم-سىم يامغۇر ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئەبەدىي تەشنالىقىم ئىدى. شۇ دەقىقە توختىماي ئېسەدەيتتىم، ھەسرەتلىك ھۇ تارتىۋاتقان پويىز گۈدۈكى رەڭسىز نىدالارنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتمەكتە. ئۈنسىز يىراقلاۋاتقان تاتلىق بىر نەپەس يىغىۋاتقان سىم-سىم يامغۇردەك يۈرەك-يۈرەكلىرىمگە تامچىلىماقتا، مەن دەرمانسىز ھالدا ماڭماقتىمەن. شۇ تاپ سېنىڭ مېھىرلىك قوللىرىڭنى سۇنۇپ، مېنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىڭنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! سېنىڭ يىراقلاپ كەتكىنىڭنى بىلىپ تۇرسامۇ، كەينىمگە زادىلا قايتقۇم يوق ئىدى. ئاشۇ بەختلىك كۆلەڭگەڭ ئۆچۈپ يۈرگەن ساماۋى بوشلۇققا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن پەرىشان كۈلكىلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمدى شاد كۈلەلمەيدىغانلىقىمنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟ ساڭا خوشلاشماقچى بولۇپ قول پۇلاڭلاتتىم، لېكىن پۇلاڭلاتقىنىم قوللىرىم ئەمەس، يۈرىكىم ئىدى. خىياللىرىم غەمكىن يوللار ئىچىدە ئاستا لەيلەيتتى، سىم-سىم يامغۇر يۈزلىرىمگە، يۈرىكىمگە ئۇرۇلماقتا، ئەسەبىي بىر يىغا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا ياماشماقتا! مەن ماڭماقتىمەن، كۆڭۈلسىز ھالدا ماڭماقتىمەن، مېنىڭ ئۆزۈمگە

قايتقۇم يوق ئىدى. دالىدىكى ياۋا گۈللەرمۇ يامغۇر تامچىلىرىدا ھۆللەنگەن باشلىرىنى ئىگىشمەكتە، باھار يامغۇرى ئۆيلەرنىڭ دەردمەن كۆزنەكلىرىنى ئاستا چەكمەكتە. مېنىڭ ئۆزۈمگە قايتقۇم يوق ئىدى، شۇ تاپتا بارلىقىم بىلەن يوللارغا، خىياللارغا، سېنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان كۆلەڭگىلىرىڭگە سىڭىپ كېتىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە!...

مەن سانسىز تەشۋىشلەر بىلەن يول بويىدىكى سېنىڭ سىيمايىڭنى ئىلىپ قالغان يالغۇز ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرماقتىمەن. يىراقتىن-يىراققا سوزۇلغان سارغايغان چىغىر يوللارغا تويماي قارىماقتىمەن. بىز يانمۇيان ماڭغان مېھرىلىك كوچىلارغا تويماي باقماقتىمەن! شۇ دەقىقە ئۆزۈندىن-ئۆزۈن سوزۇلغان قەبرىسىز چۈشلىرىم ئىچىدىن ئۆزۈمگە قايتماقچى بولدۇم. مەن سېنى ئۇزاتتىم، لېكىن قاچان، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتىم. يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس، داللار، گۈللەرنىڭ بەرگى بىلەن يوپۇرماقلىرى ئوخشاشلا ساپسېرىق ئىدى، مەن سارغايغان تەبىئەت ئىچىدە غېرىب بىر شەھەردە سېنى ئۇزاتماقتىمەن، مەن شۇندىلا بۇ قېتىملىق ئۈزۈلۈشنىڭ مەڭگۈلۈك ھىجرانغا شاھىت بولالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندىم. تەشۋىش ۋە ئازابلار لىققىدە قاچىلانغان ئاشۇ بىكەتتە ئۇزۇنغىچە تۇردۇم...

سىم-سىم يامغۇر تامچىلايتتى، تامچىلايتتى.

قۇلاق سال ئەزىزىم مېنىڭ تاتلىق شۇئېرلاشلىرىمغا، خۇددى باھارنىڭ مەيىن شامىلىدەك ئىللىق ھارارەتلىرىمگە، يۇلتۇزلارنىڭ ئىككىمىزگە، پەقەت ئىككىمىزگىلا بەخت تىلەپ تىنىمسىز جىمىرلاشلىرىغا.

ئاڭلاۋاتامسەن ئەزىزىم، مەن شۇ دەقىقە تولىمۇ يىراق، تولىمۇ

خىلۋەت جايدا ساگا قاراپ توختىماستىن سېنىڭ لەزىز، يۇمران ئــاۋازىڭنى، ســېھىرلىك ھەم مېھىرلىــك كۆزلىرىڭــنى خىيــال قىلىۋاتىمەن.

سېنىڭ غۇبارسىز، ئەمما شېرىن بىر كۈلكەڭ مېنى بىھېساب خۇشاللىق ئىچىگە باشلىماقتا.

سانــسىز ئارمانلارغــا تولغــان مۇشــۇ مىنــۇتلار ئاســتا-ئاســتا ئــۆتمەكتە، مەن ۋاقىــت بىــر ئىزىــدا توختــاپ قالغــان، قۇشــلار سايراۋاتقان، ئورمانلار خىيالغا پاتقان مۇشۇ كۈنــنى ئۆمرۈمنىــڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى دەپ ئويلىدىم.

مەن ســۆيگۈمنىڭ ئەڭ مــۇنبەت ئېتىزلىرىغــا بىــر تــۈپ دەرەخ تىكتىــم، مەن ھەر كۈنــى بــۇ دەرىخىمــنى چەكــسىز مېھــرىم بىــلەن سۇغىرىپ تۇرىمەن، چوڭقۇر سېغىنىــشلىرىمنى شۇ دەرەخنىــڭ ھەر بىر يوپۇرماقلىرىغا ئېسىپ قويىمەن. سەن بىــر كــۈنلەردە بۇكــكىدە باراقسانلاشقان، شاخلىرى ئەتراپنى ياپىېشىل تۈسكە كىرگــۈزگەن ئاشــۇ ســۆيگۈ دەرىخــنى كۆرگىنىڭــدە، ئۇنىڭغــا مېنىــڭ چەكــسىز مۇھەببىتىم سىڭگەنلىكىنى بىلەرسەنمۇ؟

يەنە ســەن ئاشــۇ بۇكــكىــدە ياپراقلىرىــدا يالتىراۋاتقــان شەبنەملەرنى كۆرەلىدىڭمۇ، ئۇ مېنىڭ كۆز يېشىم.

بەلكىم بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن.

مەن شــۇندىمۇ چوڭقــۇر مېھــرىم ھەم ساداقىتىم بىــلەن ســاڭا ئالەمچە بەخت تىلەيمەن.

# سېرىق سەبدەر

1

قۇياشنىڭ نۇر زىيالىرى يازنىڭ گۈزەل مەۋسۇمىنى يەلپۈتمەكتە. روھلار ئالىمدىن كۆلكىلىرىمگە كۈي تەبەسسۇملىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمەن. قەلبىمگە تولۇپ كەتكەن نىدالارغا هامان ئېرەنسىزسەن.

شامالدا يەلپۈنگەن قىزىل لەيلىگۈل خۇش ھىدلىرىنى هامان چاچماقتا.

ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئاخىرقى قارارىمنى ئۆزگەرتىپ، كۆز ياپراقلىرىدەك سولغۇنلۇقتا يوللىرىڭغا قارىدىم، لېكىن بىلەتتىم، سېنىڭ ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىڭنى.

2

ياز يامغۇرى شۇ قەدەر ئارامبەخش. يوللاردا چېچەكلىگەن پاتقاقلار غەمكىن سايىلەرگە ھەمراھ. قولۇمدا ئاخشام ئۈزگەن ھېلىقى گۈل ئۈنسىز سولماقتا، لەۋلىرىمدىكى ئۈچكەن تەبەسسۇم هامان مىسكىنلىكنى ئېسىمگە سېلىپ قويىدۇ. خىيالىڭدىن خىيالىمغا تاشلانغان سۈكۈتنى ئۆتكۈنچى يامغۇر كەبى غايىب بولسا دەيتتىم، بىراق يول بويىدىكى ئاق تېرەكلەر شۇنداق شىۋىرلىدى، بۇ ئىنتايىن قىيىندۇر ـ قىيىن!

3

ھال رەڭ پەردىلەرنىڭ ئۆھسىنىشلىرى ئەلەملىرىمنى

كۆچەيتمەكتە. خىيالغا ئايلانغان كىچە يۇلتۇز ھەققىدە قىسسە سۆزلەيدۇ. دېرىزەم تۈۋىدە ئېنىق ئاڭلانغان دەردلىك ناخشىلار يۈرىكىمنىڭ نالىسىگە ئوخشايدۇ. ياپراقلارئارا مۆگدىگەن قۇشلار ئەمدى شاد ناخشىلارغا جور بولالماسلىقى مۇمكىن. قەلب قەسرىمنىڭ سىرلىق سۈكۈناتلىرى ئاشۇ يېگانە گۈللەردەك ئەزگۈ تەشۋىشتە يېنىك تەۋرىنىدۇ، ئاشۇ دەم مەن سېنى سىرلىق بىر خىيالغا ئوخشىتىمەن.

4

كۆكلەردىن كەلگەن نىدالار بىر غەمكىن ناخشىغا ئوخشايدۇ. تاجىگۈلنىڭ خۇش ھىدى تەنھالىق ھېسسىغا چۆمگەن داللارنى چەكسىز خىياللار قاينىمىغا باشلايدۇ. گۈللەر ياپراق تاشلايدۇ، سۇلاردا بۇلۇتلارنىڭ ئەكسى، شۇ دەم كۆزلىرىمنى قاماشتۇرىدىغان بىرلا نەرسە بار، ئىشەنسەڭ ئىدى نىگارىم، ئۇ سېنىڭ خىيالدەك تىنىق، ياز گۈلىدەك مېھرلىك كۆزلىرىڭ. كۆزلەرنىڭ سۆزلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، شۇ تاپ كۆزلىرىڭ سۆزلىدى، بىر گۈزەل سۆيگۈنى ھەم شۇنىڭدەك بەربات بولغان يۇمران چۈشلەرنى.

5

قايغۇلار بۇلۇت بولۇپ كۆز ئالدىمنى خىرەلەشتۈردى، يامغۇردىكى سۈكۈنات تەلۋە ھېسلىرىمنى تورۇتالمىدى. سەن مەن ئۈچۈن مەڭگۈ قايغۇ ئەمەسسەن، بىراق ھېچقاچان شاد كۈلكىلەرگە ئېرىشتۈرەلمەيسەن، بارلىق شادلىقىم سەندە بولغاچ شۇ قەدەر

مىسكىنلىككە يول ئالغانمەن، كۆڭلۈمدىكى ھېسلارغا چىن مەنا ئاتا قىلغان شېرىن ئازابسەن، ئىشەنچ گۈللىرىم سەندە ئېچىلمىسىمۇ، لېكىن مەڭگۈلۈك باھارىم پەقەت سەندىدۇر...

6

مۇزىكا چالالايدىغانلىقىڭنى بىلمەيدىكەنمەن، لېكىن يۈرىكىمگە زەخمەك ئۇردۇڭ.

سېنى كۆرگەنلەر ئىسمىڭنى ھەسرەت دەپ چاقىرىمىدى. بىراق، ماڭا ئاتا قىلغىنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئوخشاش.

ھاياتىمنىڭ يالقۇنلۇق مەزگىللىرىدە سېنى ئۇچراتتىم، بەلكىم زەپىران مەزگىللىرىمدە سەندىن مەھرۇم قالىمەن.

مەن ئەزەلدىن كەشتىچى ئەمەس، بىراق شۇنچە يىل توقۇغىنىم شۇ بوپتۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۇنتۇش...

سەن ئۆمۈربويى ياش تۆكمىگەنسەن، بىراق كۆزگىنىڭ مېنىڭ يېشىم بولدى.

سەلتەنەتىڭنى تاغلاردەك قىياس قىلاتتىم، بىراق باغرىڭنىڭ تاشتەك قاتتىقلىقىنى بىلمەپتىمەن.

ئادەملەر باھاردا گۈللەرگە ئوخشاش كۆكلىمەيدۇ، ئەمما بىرلا كۆلكەڭ بىلەن قەلبىمدىكى ھېسلارنى ھەر باھاردا كۆكلەتتىڭ.

باھاردىن كېيىن يەنە باھار كېلىدۇ، لېكىن شۇنى بىلگىنكى، باھارنىڭ ياندۇرقىسى ئالدىنقىسىغا ئوخشىمايدۇ.

7

شېئىرلىرىمدىكى خىياللار شۇنچە نەمخۇش ئىدى، خۇددى

باھاردىكى پىچىرلاشلاردەك. ىىراق سىنىڭ قەلبىڭدىكى تىنىمسىز ئۆيىقۇلارنى ئەبەدىي ئويغىتالمىدى.

جەنۇبنىڭ ئىللىق ئاپتاپلىرىدا پىشقان مىۋىلەردەك شېرىن خىياللار مېنى ئۆمۈربويى بەزلەپ ئۆتتى. سىنىڭ سۆيگۈڭگە نائىل بولۇش ئۈچۈن جان-جەھلىم بىلەن ئىنتىلمىدىم، بىراق، سېنىڭمۇ مەندەك تەگسىز خىياللاردا ئۆزۈڭنى بەزلەپ يۈرگەنلىكىڭنى بىلمەپتىمەن، ئىھ مېنىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرىم، سەنمۇ چوقۇم كۆكلەيسەن خۇددى شېئىرلىرىمدىكى ھەر بىر مىسرالاردەك...

8

يۇلتۇزلارنىڭ ئۆيى سامانيولىدىمىش. ھەر تۈنلەردە ئازابسىز نۇرلىرىنى ئايىماي چاچقىنىغا قارىغاندا، ئۇلارمۇ ئۆيىگە قايتىشنى خىيال قىلسا كېرەك. تۈن نىسپىدىكى ئورمانلىقلار ئۇلارنىڭ كەچمىشنى رەڭدار ھېسلارغا ئورىۋالغانمىدۇر.

ئەيتاۋۇر بىر كېچىنىڭ ئىچىدىكى بولىدىغان ئىشلارغا ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

قۇشلارنىڭ ناۋالىرى، كېچە ھەققىدە ناخشىلار بۇ كېچىكىنە بەختلىك ئاسماننى ئاجايىپنامىلەرنى پۈتۈپ چىقىشقا مۇشەررەپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن، مەيلى كۈن، مەيلى تۈن قەيەردە بولساڭ ئامان بولغىن.

9

مەن يىغلاي كېچىلەرنىڭ شاھىتى بولغان ئايسىز تۈنلەردە،

خىيال بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن ئۈيقۇسىز تۈنلەردە، مەن يىغلاي
هايات قىسمىتىنى ئوي ـ خىياللاردا يەلپۈتۈپ ئۆتكەن سانسىز
ئەسلەشلەردە.

دالىلار سۆكۈتلۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭ باغرىدا شامال ئۇچۇرغان
ئىزلار بار. مەن هارارەتلىك كۈيلەشلەرنى، ئازابلىق ئۈزۈلۈشلارنى
خىيال قىلىپ تۇرۇپ يىغلاي.

ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەرگە تۇتاشقان كېچىلەردە بارلىق
شادلىق هەم قايغۇلارنى هىدلاپ تۇرۇپ مەنلا يىغلاي...

10

تەئەججۈپ، خۇشاللىقلارغا تولغان هەر بىر كۈن بىز ئۈچۈن
غەنىيمەتتۇر.

هەسرەتلىك ئۈمىدلەرگە تولۇپ تۇرۇپ هامان مەۋج ئۇرغان
بەختلەرگە ئىنتىلىمىز.

ئىنساننىڭ تەبىئىتى شۇكى، توختىماستىن ئىزىشىش، لېكىن
شۇنى ئۇنتۇش مۇمكىن ئەمەسكى، ئىزىشكەندىكىن هامان
يوقىتىدىغان گەپ. شۇڭا ئىزدىلىبىرىمىز، گۈللەردەك سولۇپ
تۇرۇپ، كەچ كۈزدەك قۇرۇپ تۇرۇپ شۇنى ئېيتىمەنكى، بىز
هېچقانداق ئىزىشمىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈنكى هامان يوقاتمايمىز.

شەبنەم سۆيگەن دالىلاردا تەقدىرنىڭ پايانسىزلىقىغا قاراپ
هامان شۈكۈرلۈك بىز!

11

شارقىراپ ياغقان يامغۇرلار دىل ئازارلىرىمنى يۇيۇپ كەتتى.

ھەسرەتلىك گۈلدۈرماملار ئاسمان سەتھىسگە دەھشەتلىك سۈرەتلەرنى سىزىپ ئۆتتى.

بۈگۈن يامغۇر ياغىدۇ دەيتتىم ئىچىمدە، بىراق سېنى كىلىدۇ دېمەيتتىم.

قايسىبىر سەھەر ھۇجرامنىڭ ئىشىكىدە سېنىڭ تۇرغانلىقىڭنى چۈشەپ قالدىم.

سەھەردە كۆرگەن چۈش رېئاللىقتىن بېشارەت دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمەن.

بىراق، لالەرەڭ ھۇجرا، سەھەردە كۆرگەن چۈشلەر يەنىلا تەبىرسىز قالدى.

12

نۇرانە سەھەرلەردە يىراقتا كېلىۋاتقان ئادەمنى سەن دەپ قىياس قىلدىم. بىراق مەن خاتالىشىپتىمەن.

سەھەردىكى گۈللەرنى ئۈزۈپ شەبنەملەرنى يىغلاتتىم.

بىراق مەندە قالغىنى گۈلنىڭ خۇش ھىدى بىلەن قات-قات ھەسرەت ئىدى خالاس.

ماڭا ھېچنېمە بەرمىدىڭ، بىراق مەن قايتىش ئۈچۈن يانغىنىمدا سېنىڭ ماڭا بەرگەنلىرىڭنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

بىلەمسەن ئەزىزىم، يېشىپ يېتىلگەن مەغرۇرلۇقۇڭدا سۆيگۈ نۇرۇڭ بىلەن قەلبىمدىكى بىپايان ئارمانلارنى ئەبەدىلئەبەد كۆكلەتتىڭ!

13

سەن كېچىدە چىراغ ياقماي تۇرۇپمۇ كۆزلىرىمدىكى نۇرانە

ھېسلارنى كۆرەلەيسەن.

قەلبىمنى تولدۇرغان كۈي ـ ناۋالىرىڭ ئەبەدىيلىك مۇھەببەت ھېسلىرىنى ئويغاتقان ئەزىزىم.

يوللاردىكى پىنھانلىق ساڭا جىمجىت خىياللارنى ئاپىرىپ قىلغان.

قەلبىمدىكى تەلپۈنۈشلەر ھېلىھەممۇ توختىغىنى يوق.

كۆزلىرىڭدىكى يوچۇن خىياللار سېنى نېمانچە غەمكىن قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەيمەن، بىراق كۆزلىرىڭدە گۈگۈم پەيتىدىكى يېقىملىق ئىلتىجالار ۋە باھار يامغۇرىنى ئەسلىتىدىغان يېقىملىق مېلودىيەنىڭ ئەكسىنى كۆرۈشنى خالايمەن ئەزىزىم!!

## 14

يېشىل ياپراقلارغا چۆمۈلگەن باغلار ھۇپپىدە خىيالغا تولغان سەھەرنى ئاجايىپ ھېسلارغا چۆمدۈردى، سەن ئاشۇ دەمدە خانەڭنىڭ ئازادە ھۇزۇرىدا بارمىدىڭ.

يېقىملىق پىچىرلاشلار باغدىكى بۇ تەنھالىقنى ئۇنتۇلدۇردى. ھاياتنىڭ بارلىق شادلىق ـ قايغۇسىنىڭ خاتىمىسىنىڭ باشلىمىسى بولمىش بۇ يورۇق تاڭ بارلىق سەترىلەرنى يوپيورۇق كۈندۈزگە باشلىدى، سەن شۇدەم قۇشلارنىڭ يېقىملىق ناۋالىرىغا قۇلاق سالغانمىدىڭ.

مەن شۇ دەم بىر تۇتام ماكاپ گۈلنى كۆتۈرگىنىمچە باغدىن يىراقلىدىم.

ئېتىقنىا، سەن بۇنچە سىرىق ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرگەنمىدىڭ.

## 15

شاماللار سۇسقىنە ھېسسىياتى بىلەن نامازشامگۈللىرىنى سۆيۈپ قويدى.

گۇگۇمدىكى خىياللاردا تەسكەيلەردىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار كۆيى ياڭراق ئىدى.

مەن گۈل مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالغانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم.

قولۇڭدا بىر دەستە سېرىق سەبدەر تۇراتتى.

مەن كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. مېنىڭ يىراقلاپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ قۇشلار ئۈنىگە ئۈن قېتىپ مېنى بىر رەت چاقىرمىدىڭ.

شۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، بىراق كۆردۈمكى قولۇڭدا بىر تۇتام قۇرىغان سېرىق سەبدەر تۇراتتى، مەن شۇندىلا مەيۈسلۈك قاپلىغان چېھرىمدىكى قايغۇلاردىن قۇتۇلماقچى بولدۇم...

## 16

سۇبھىلەردىكى گۈللەرنى ھامان شەبنەملەر سۆيۈپ قويىدۇ.

باھارنىڭ ئىللىق ئاپتاپلىرى گۈللەرنىڭ چېھرىدە ماكان تۇتىدۇ.

ھايات ـ ماماتلىق خاتىرەمدە غۇۋا بىر سۇرەت، بىراق ئۇنىڭ سەن ئەمەسلىكىڭگە ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەسلىكى مۇمكىن، يېقىملىق سادالاردا ھامان باغرىمدىكى ئىككىنزارلىقتا كۆكلەيسەن.

سۇس يېنىپ تۇرغان بارلىق چىراغلار ئاشۇ بىر تال يۇلتۇزچىلىك يورۇق ئەمەس.

بەختكە ئوخشايدىغان بۇ سەھەر ھەممە، ھەممىدىن شۇ قەدەر شۈكۈرلۈكمەن.

17

سەھەرنىڭ پارلاق نۇرى قەلبىمدىكى ئۆلمەس ئارزۇلارنى ئويغاتتى.

باھارغا شۇ قەدەر ئامراقمەن، يېقىملىق سادالاردا ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەس خىياللارنىڭ زاھىر بولۇشىنى تىلەيمەن، گۈللەردىكى خۇش ھىدلار مېنى مەستخۇش قىلىدۇ.

سېنى بىر تاللا گۈلۈم دەيمەن.

سۆنغان ناخشىلار شەپەقلەر جىلۋىسىنى توسالمايدۇ.

قەلب ئېتىزلىرىمدا ئېچىلغان گۈلسەن، باھار شاماللىرى بەرگىلىرىڭنى تورزۇتالمايدۇ. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قايناق خىياللاردا سېنىڭ ئەكسىڭنى كۆرگەندەك بولىمەن.

18

چېچەكلىك يوللاردا كۆل رەڭ يامغۇرلار تىنىمسىز چۈشەتتى.

مارتتىكى غەمكىن بۇلۇتلار يېقىملىق سايىلەرنى باغلارغا ھەدىيە قىلماقتا.

قەلبىمدە مەۋج ئۇرغان ھېسلار، دىماقنى مەست قىلغۇچى ئەمەن ھىدلىرى دالىلارنى قاپلىدى، تىنىمسىز يالقۇنلاۋاتقان باھار كۈيىدىكى بۇ ئەزگۈلۈك ئەسلىمە قوينىغا غەرق بولماقتا.

بىلىمەن، ئاشۇ دەم مۇشۇ ئەزگۈ باھار سېنىڭ مەھەللەڭنىمۇ قىزغىن كۈيلەشلەرگە چۆمدۈرگەنلىكىنى. ئىشىكىڭ ئالدىغا

چىققىن، باھار تىنىقلىرى ئارزۇلارغا باي ھېسلىرىڭنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ ئۆتسۇن!

## 19

ئەگەر قەلبىڭدىكى نازۇك تۇيغۇلارغا شەبنەم بولۇپ قونالىغان بولسام، ئۇ چاغدا مىننەتدارمەن بۇ ھاياتنىڭ قوۋناق كۈنلىرىگە. ئەگەر ھەر شامۇ سەھەر خىياللىرىڭدىن ئورۇن ئالالىغان بولسام، ھەردەم زەبەردەسمەن. بەختنىڭ كۈيلىرىگە ئالەم چوغلانغان ھېسلاردا لاۋۇلدىغان پەيتتە ھېسلىرىڭدىن ئۇنتۇلغان بولسامۇ ھېچ گەپ ئەمەس.

ۋايىم يېيىشلەر يوق، كۈلپەتلەر يوق، ئارامسىزلىقلار يوق.

كۈنلەر ئۆتمەكتە، مەيۈس كۈلكىلەردەك، ئۇياتچان خىياللار ئاي قاراڭغۇسىدا تىنىمسىز لەيلەيدۇ. شولىلار رۇجەكلەرنىڭ نېپىز يۈزلىرىگە ئاستا ئۇرۇلماقتا.

لېكىن قەلبلەردە پىغانلار يوق.

## 20

ئاپرېلدا گۈللەر چېچەكلىگەندە تەشۋىشلىرىمنى شامالارغا بەردىم.

ياپيېشىل لىباسلار باغلارنى يېشىل كۈيلەرگە ئورىدى.

دىلىڭدىكى خىرامانلىقلار شادىيانە ھېسلارغا تەڭكەش بولغاندەك ئاپرېل كۈيىگە تەڭكەش بولدى.

كۆزۈمدىكى سولغۇنلۇقلارنى كۆرمەسكە سالدىڭ، ئاپرېلدا يۈرەككە تەگكەن ناخشىلار يېشىل كۈيلەرنى يەلپۈتەتتى.

سەن خىرامان ئىدىڭ، گۈللەرنىڭ پىچىرلاشلىرى ئازابسىز ئىشقىنىڭ ھەر بىر تىلسىمىنى سۆزلەپ تۇرسىمۇ سەن بىلمەسكە سالاتتىڭ.

باھاردىكى مۇشتاقلىق گۈللەر نالىسىگە باقمايدۇ.
ئېتىقادىم بىخ ئۇرغان كوچىلاردا يامغۇر تىلەپ يۈرۈيمەن.
لېكىن بىلەتتىم ئاپرېلدا يامغۇرنىڭ ئاز ياغىدىغانلىقىنى...

# زىلالە

زىلالە، بىر تۇپ چوغلۇق گۇلسەن قىزىم، نۇردىن ھاسىل بولغان ياپراقلاردا يەلپۈنسەن، كۆلكىلىرىڭ ئەزىم دەريا، مېھىر گۇلخانلىرىم ساڭىلا ئاققاندۇر.

چۈشلىرىم ئاپئاق چېچەكلەردە يەلپۈنگىنىدە ساڭا قاراپ زوقلىنىمەن قىزىم.

كۆلكىلىرىڭدىن ئانامنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن، ھەر ئارزۇ ھېسلارغا تولىمەن.

تۇرقۇڭدىن بەجانىدىل سەلتەنەتنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن، ئىسسىق مېھرىنىڭ كۈيى نۇر بولۇپ جىسمىڭدا ئاقىدۇ قىزىم.

بىلىمەن، ھەر كېچە چۈشۈڭدە يۇلتۇز تېرىپ چۈشەيسەن، ئايىنى ئورغاق قىلىپ مىنۋالىسەن، كوكاتلىرىنى ئۈزۈپ قېنىپ-قېنىپ ھىدلىۋالىسەن.

زىلالە، بىر تۇپ باراقسان چوغلۇق گۇلسەن...

# ئوغلۇم

تاغلارنىڭ سەلتەنىتى سەندىدۇر، باھادىرلارچە مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كېلىسەن ئوغلۇم. كۆلكىلىرىڭدە باللىقنىڭ ئىزنالىرى ھېلىھەم مەۋجۇت، ئەمدى كىچىك بالا ئەمەسسەن ئانا دېدىڭ. 15 باھارغا تەققاس بولغان بوي-بەستىڭ مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى ئوغلۇم، ساڭا بەخت تىلىدىم، داداڭنىڭ تۇرگۇنلىكى بىلەن مېنىڭ مىسكىنلىكىم جىلۋىلەنگەن كۆزلىرىڭدە يىگى-يىگى تىلسىملار بار.

ئۆگەنگىن دېدىم ئىلىم-ئېرپاننى، سېنى بەجانىدىل ئادەم بولسۇن دېدىم، غۇرۇر بىلەن ياشايدىغان، ئۈمىدلەر بىلەن زورايسۇن دېدىم ئادەملىكنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان.

ئەقىل بىلەن ياشىسا دەيمەن، ئارزۇلىرىم نۇرغۇنلىغان ئانىلارنىڭ ئارزۇسىغا ئوخشاش. كىچىكلا تۇرۇپ بۇ كىچىك شەھەردىن يەنە بىر كىچىك شەھەرگە كەتكىنىڭدە، 40 مىڭ خىل سېغىنىشلارغا تولغانلىقىم راست ئوغلۇم، سېنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىڭ ئۈچۈن قوللىرىم دۇئادا. ئامان بول، ئامان!

# ئىككىمىز

ئىككىمىز تەقدىرنىڭ بىر ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇچىلارمىز. خىيال بىلەن گاھى قارىشىپ قويىمىز، گاھى تۇرمۇشنىڭ غېمى بىلەن شۇنچە ئالدىرايمىز.

بىر-بىرىمىزنى گاھى چۈشەندۇق، گاھى چۈشەنمىدۇق، سۆيگۈ گۈلىمىزدىن بىر جۈپ غۇنچە ئېچىلغاندا، بەلكىم بېشىمىز كۆككە يەتتى، ئوغلىمىزنى ئۆزىمىزگە ئوخشىتىپ، قىزىمىزنى ھەر خىل تۇيغۇلاردا ئوينىتىپ چوڭ قىلدۇق.

بىز بىر-بىرىمىزگە يۆلەك بولغۇچىلارمىز، گاھى چۈشەندىڭىز، گاھى چۈشەنمىدىڭىز. بىراق ئىسسىق-سوغۇقلار بېشىمىزدىن ئۆتتۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئەلگىكىدە تاسقىلىپ ھالا بۆگۈنگە كەلگەندە، بىر-بىرىمىز ئۈچۈن شۇقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىشقاندا تاتلىققىنە پىچىرلىشىمىز.

بىز سۆيگۈمىزدىن قولۋاق ياساپ قويدۇق، مۇشكۈللەردە بىراقلارغا مېڭىشقا، مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن يىپى بىلەن چوقۇم ئارزۇلىرىمىزنى كەشتىلەپ چىقىمىز.

سىز ئىللىق ئۆيۈمنىڭ چىرىغى ئىدىڭىز، مەن بېغىڭىزدىكى خۇش پۇراق گۈلىڭىز!

# موهتاجلىق

غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئۆچەيلا دەپ قالدى، بىراق ئىش ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئادەم بۇگۈن كەچكىچە قورۇق قالدى، ئۇنىڭ بالىلىرى بۇگۈن يېمەك - ئىچمەككە موھتاج ئىدى.

كەچكىچە باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ ھېرىپ - چارچىغان بىر ئايال ياغ، ئۇن دۇكانلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ، ئازغىنە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئالدىراش ماڭدى. چۈنكى ئۆيىدە 70 ياشلىق ئانىسى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

زۇمرەتتەك يېشىل دالىلاردا سان - ساناقسىز ياۋا گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىگە دەسسىگىنىچە بىر قىز سولغۇن ھالدا يىگىتنىڭ يولىغا قارايتتى، چۈنكى ئۇ سۆيگۈگە موھتاج ئىدى.

سەكراتتا ياتقان ياشقىنە بىر يىگىت مۇشۇ يورۇق ئالەمگە قىيماي كېسەل ئازابىدىن بىر تېرە، سۆڭەككە ئايلانغان قوللىرىنى سوزۇپ ئۇلۇغ ئاللاغا ئىلتىجا قىلاتتى، چۈنكى ئۇ ھاياتلىققا موھتاج ئىدى.

ياشاشنىڭ قانۇنىيەتلىرى مانا مۇشۇنداق ئىدى، قارىماققا ئارچا دەرەخلىرىنىڭ ياپيېشىل سايىلىرىدە نۇرغۇن غەمسىز كىشىلەر يۈرۈيدۇ.

قۇشلار قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىغا كىرىۋېلىپ شاد ناخشىلىرىنى ياڭرىتىدۇ.

ئورمانلار سۈكۈت بىلەن گىرەلىشىپ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ گۇڭگۇلداشلىرىغا جىمجىت قۇلاق سالىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ خىل مۇھىت ئىچىدە شۇنچە خىراماندەك كۆرۈنگىنى بىلەن بىراق ئۇلار ئوخشىمىغان شارائىتتا، ئوخشىمىغان رەۋىشتە، موھتاجلىق ھەر كىمنى ھەر قەدەمدە كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ.

# يول

چەكسىزلىك ئالىمىدىن تۇمانلارنى قىيغىتىپ يىراقلاپ كەتكىنى يەنىلا يول.

خىيالچان ئاشىقنى زەبەردەس كۆيلەرگە باشلىغىنىمۇ يەنىلا يول.

يوللاردىكى پىنھانلىق ئارزۇلارنى كۆكلەرگە يەتكۈزدىكى، كۆزلەردىكى ئاراملىق كىشىلەرنى قايغۇلاردىن خالاس قىلدى، شىرىقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ خىياللىرىغا يېڭى مەنىلەرنى قوشقانمۇ يەنىلا يول.

قويۇق دەرەخلىك ئىچىدە، مۇھەببەتلىك ناخشىغا ئوخشاش تىمتاس يوللاردا بارلىق ئەزگۈلۈكتە بىرلا نەرسە يىراقلايدۇ، كىشىلەر داغدام يوللاردا تۇرۇپ يەنىلا يول ئىزدەيدۇ.

قۇياش نۇرىدەك ئىللىق كۆيلەر ئىچىدە پەقەت ھەممىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ھەم يېڭىدىن باشلايدىغان بىرلا نەرسە بار، ئېھ يول...

# تەبەسسۇم

چاقناپ تۇرغان خىياللىرىمدا كۆزلىرىڭدىكى ئىنتىزارلىقنى قىياس قىلىمەن.

سولغۇن چۈشلەرنى ساڭا ھەدىيە قىلغۇم يوق، قىزغۇچ يوپۇرماقلار بىلەن چۈمكەلگەن دالا بارلىق خىرامانلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغاندا، سېھىرلىك كۆزلەردىكى تەبەسسۇم مېنى يەنە مەستخۇش قىلىدۇ.

خۇش پۇرىقىڭ ئىچىدە خىياللىرىم ئازغۇنلۇقتا لەيلەيدۇ. تىلسىم كۈيلىرىڭگە ئامراقمەن، ئېرەنسىز بولۇۋالغىنىڭ مېنى ياقتۇرمىغانلىقىڭ ئۈچۈنمىدۇر، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. خىيالىم ئىچىدە يېشىل كىچىك ئورمانزارلىق.

بۈيۈك چاقناشلار لالەرەڭ ئازابلارنى يۇيۇۋېتەلمەيدۇ. سەندىكى غۇرۇر ۋە سەلتەنەت مېنى قانچە قېتىم ئەقلىمدىن ئازدۇرغان بولغىيدى.

شاۋقۇنلۇق ئۆستەڭلەردە كىچىك-كىچىك دولقۇنلار ئاقماقتا. قەلبىم كۈيىنىڭ ھەر بىر نوتىسى سېنىڭ ھېسلىرىڭ بىلەن رەڭداش. ئۇپۇقتا توپلاشقان بۇلۇتلار يامغۇر مەلىكىسىنىڭ يولىغا قاراشقاندا مەن خىيال بىلەن يوللىرىڭغا تەلمۈردۈم.

يوللارغا چېچىلغان مۇھەببەت گۈللىرى مەرۋايىتتەك شەبنەملەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. قەلبىمدىكى قىزغىنلىق ھېسلىرىڭدىكى ناخۇشلۇقنى توزۇتالمىدى. ھايات پەسلىگە ناخشا يازماقچى بولساڭ چوقۇم مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى قوشۇپ قويغىن.

ھەر تىنىقلىرىمدا سېنىڭ مۇڭلىرىڭنى قىياس قىلىمەن...

# مۇھەببەت كارىدورى

1

گۈلگۈن شەپەقلەر قىزغۇچ ئۇپۇق تامان يول ئالغاندا، ئېھ بۇلۇت سەن ئارىسالدى بولمىغىن، چوقۇم يامغۇر ياغدۇ.

گۈللەر شىۋىرلاپ، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان سەھەرلەردە ئەزگۇ خىياللارنى قەلبىڭ تېگىگە يوشۇرغىنىڭدا مەن ئارىسالدىلىق بىلەن كەينىڭدىن قاراپ قالدىم. قەلبىڭدىكى يالقۇنلۇق سۆيگۈمىدۇر؟

يىغىلارنى يوشۇرغان مۇزىكىلار ئەسەبىي ئۇنلەردە ئېيتىلماقتا. قىزىرىپ كەتكەن كەچكى شەپەقنىڭ نۇر پەسلىگە ھۆسن قوشتى.

خىياللىرىمدىكى ئىلتىجالار شېئىرغا ئايلىنىپ سېنىڭ مەھەللەڭگە قونۇپتۇ، شۇدەم ئامرىقىم ئارىسالدى بولماي ئۇنى تۇتۇۋالغىن، چۈنكى ئۇنىڭ ماكانى سېنىڭ ئۆيۈڭدە.

چەكسىز يىغىلارنى يوشۇرغان، ئاشىقلارنى يىغلاتقان بىر رەھىمسىز كۆي بار، ئۇ بولسىمۇ ئارىسالدىلىق...

گۈللەر خۇش ھىدى بىلەن ئەتراپنى گۈزەل ھىدلارغا ئورايدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ يارقىن چاقناشلىرى خىياللىرىمنى ئازابتىن تەرك ئېتىدۇ. شۇدەم يورۇق بىر يۇلتۇز ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسىدە ئېسىقلىق، ئۇ مېنىڭ يۇلتۇزۇم دەيمەن ئىچىمدە.

شۇدەم خانەڭدە ئېغىر خىياللارغا مەشغۇل بولغانسەن. بىغۇبار شادلىقلارنى تەرك ئەتكەن ۋۇجۇدۇم ئازابلىق ناخشىلارغا جور بولغاندۇر ئامرىقىم.

نەغمە-ناۋاسىز بۇ كېچە سېنىڭ شان-شەرىپىڭ ئۈچۈن

پایانداز بولۇشقا تەييار تۇرغىنىدا بولسا، سەن شېرىن ئۇيقۇدا. سەن بىلەن ئۇچرىششىش ماڭا نېسىپ بولمىسا ھەرگىز ۋايىم يېيىشلەر يوق. چىن سۆيگۈنى ئىسمىگە سىڭلىپ تۇرغۇچى ئۇنسىز ھەسرەتلىرىڭ گۈللەر رىسالىسىدۇر. خىيال بىلەن باغلانغان چۈشلەر مۇھەببەت كارىدورىدا قويۇلغان گۈللەرگە تەلپۈنگەن بولغىيمىدى. ئەزىم دەريالارنىڭ شاۋقۇنلىرى قۇشلارنى ئۈركۈتكىنىدە سەن بىماجال يىراقلارغا يول ئالدىڭ، خەير-خوش ئامرىقىم، سۈپسۈزۈك سالقىنلىق ئىچىدە پىنھان كۆيلىرىمدە سېنى ساقلايمەن.

ھېسلىرىمدىن بالقىغان دولقۇنلاردا ئەسەبىي پىچىرلاشلار ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، بۇ كۆيلەر مەۋجىدە سېنىڭ خىيالچان تۇرقۇڭنى قانچە رەت ئەسلىگەنلىكىمنى بىلمەيمەن.

كۆكۈمنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرى مۇڭزارلىقىمدا لەيلىگەن، ئورمانلار سۈكۈتكە چۆمگەن شۇنداق بىر كۈنى مۇشۇ يېگانە تۇرقۇم كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولغان بولسا-ھە!

گۈللەرنىڭ نالەشلىرى شامالالاردا يەلپۈندى، كېچىلەر تاتلىق پىچىرلاشلارغا نامە يازدى.

كۆزۈمنىڭ بىدارلىقى يوللارنىڭ قەھرىدە سۇندى.

قىزغىن يامغۇرلار سايىسىدە قىزغىن ئىنتىزارلىق ئەۋج ئالماقتا، يوللاردىكى پىنھانلىقنى سەن دەپ قىياس قىلىمەن، كۈن نۇرى بالقىپ تۇرغان سەھەرلەردە سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكىر قىلىمەن.

2

خىيالىمنىڭ تۈنجى بىتىگە ئىز سالغان باھار يامغۇرلىرى يالقۇنلۇق تۇيغۇلاردا نامايانىدۇر.

يوپۇرماقلارنىڭ شىۋىرلاشلىرى بارلىق ئەستىلىكلەرنى شاماللارغا بەردى.

يوللار شاۋقۇنلۇق، تاغلار يورۇق ئىدى.

گۈلگۈن ھېسلاردا ئېرىگەن خىيال ئۆزۈمگە تەۋە ئەسلىمىلەرنى ۋاراقلىماقتا.

يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرى كۈيلەر ماكانىغا كۆچكەندەك يالقۇنلۇق پارلايتتى.

ئۈمىدلىك ھېسلىرىمدا ھېلىلا ئېچىلغان نامازشام گۈلىدىكى يېقىملىق جۇلالارغا باقماقتىمەن.

ئۈنتۈش، ئەسلەشلەرگە تولغان تۈنلەر ھەسرەتلىك تىنۋشلاردا ئېغىر ئۆھسىندى.

تۈنلەردىكى غېرىبلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان كېچە ئاسمىنى يېقىملىق پارلىماقتا.

# سەھەردىكى قۇش ناخشىسى

1

ئالتۇن رەڭلىك ياپراقلارغا تولغان كۆز ئاسمىنى ھاياتلىق تىۋىشلىرىنى ياڭراتتى.

چۈشۈمدىكى غۇۋا چىغىر يول ئۆز ئەسلىمىسىگە مەشغۇل بولماقتا. مەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىغا ئۈمىدلەر بىلەن نەزەر سالدىم، كۆز ئاسمىنى نەقەدەر گۈزەل ھەم ئارامبەخش-ھە، دەيتتىم ئىچىمدە. ھەممە نەرسە سېرىق رەڭلەرگە چۆمۈلگەن. پەقەت دالىدا بىر تۈپ قىزغۇچ بىنەپشە رەڭدە ئېچىلغان قامچىگۈل كۆز شامىلىدا يېنىك يەلپۈنەتتى.

شۇ دەملەر سېنىڭ تىۋىشلىرىڭنى ھېس قىلالمايتتىم. گۈلگۈن شەپەقتەك ئاستا يىراقلاۋاتقان نۇر زىيالارغا تېخىمۇ ئوخشىتالمايتتىم. قەلبىمدە پەقەت ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەس بىر نىدالا قالغان ئىدى. سېنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىڭنى ئەمدى كۈتمەيمەن، پەقەت خىيالدەك يېنىڭدا تۇرۇپ سانىسىز ھەسرەت گۈللىرىنى ئۈنسىز تۇزۇتىمەن خالاس.

2

سەھەردىكى قۇش ناخشىسى كۆي ناۋالىرىنى بۈككىدە دەرەخزارلىققا بەخش ئەتتى.

يوللارنىڭ نىدالىرى جىرالار تامان ئاقماقتا، ئۆچمەس بىر ئىمكانىيەت ئاستىدا ھەممىمىز پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئالدىرايمىز

خالاس. هايات مەۋجۇدىيەتلىرى غېرىبلىق ناخشىسىنى تىنماي ياڭراتماقتا. تىترەڭگۈ ياپراقلار سانسىز تىترەشلەردە ئاستا لەيلەپ چۈشكىنىدە بىز ئېرەنسىز هالدا چەيلەپ ئۆتۈپ كەتمەكتىمىز. ياشاشنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئاستىدا هەممىمىز ئۆتۈپ چىقىشنى خالايمىز خالاس، پەقەت هەممىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن مۇهەببەتنىڭ ئالتۇن قەسرىنى ياسىماقچى بولىمىز.

قۇشلارنىڭ ناخشىسى سانسىز ئەلەملەرنى ئويغىتىدۇ، بىر تۈپ نامازشامگۈل تۇرلۇك ئېسەنكىرەشلەردە ئاستا-ئاستا تۇزۇپ بارماقتا. ئېھ بىز سۆيگەن هەم سۆيۈۋاتقان هايات...

3

قۇياش نۇرىغا تەشنا كۆنلەر بىھېساب خىياللارغا ئايلانماقتا. چىرايلىق چېچەكلەردىن ئەنداز ئالغان كىچە ئاسمىنى يۇلتۇزلار تەزكىرىسىنى ئەسلىتىدۇ. دىل ئىزهارىم كۆڭۈل ئەينىكىگەدە پارلىغان ئەمەس، سۈكۈناتلىق دەمىلەردە سەن ئۈچۈن ياش قىيانلىرىدىن سانسىز ئۈنچىلەرنى تىزدىم.

سۆيگۈ بەئەينى گۈلگە ئوخشايتتى، گۈل پەرۋىشسىز قالسا سولۇپ قالغاندەك سۆيگۈ-مۇهەببەتمۇ ئۈنسىز سولماقتا. قەلب دۇنيايىڭدىن سۆيگۈ ئىزدەپ شۇنچە ئۇزۇن يۈرۈپتىمەن، بىراق ئاخىرى يالغۇز ئاياغ چىغىر يولدا يالغۇز مېڭىپتىمەن، لېكىن ياپراقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى چۈشلىرىمگە يارقىن مەنالارنى ئاتا قىلغىنى قىزىق.

4

قەلبىمدىكى چەكسىز مۇئەممالىق سۆيگۈ لىرىكىسى ئۈچۈن سانسىزلىغان چىرايلىق گۈلدەستىلەرنى تىزماقتا. سەن بىر پارچە

بۇلۇتتەك كۆڭۈل ئاسمىنىمدا تىنماي ئەگىيتتىڭ.

مەن لىرىكا يازماقچى بولىمەن، سېنىڭ خىيالدەك نەپىس چۈشلىرىڭگە. مەن سېنى سۆرەتلەيمەن، غايەت زور ئىنتىزارلىقتا.

بەخت بىلەن گىرەلەشكەن ئاشۇ مىنۇتلارنى ھەممىشەم ئەسلەپ چىقىمەن. تىنىمسىز نىدالىرىمدا يامغۇر تامچىسى بولۇپ قاغجىراق دەملىرىڭنى تىنىمسىز ياشارتسام دەيمەن.

سېغىنىش نىگاھلىرىمدا سەن بىر پارچە ئارمانسەن دىلبىرىم، پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن كۆي بىلەن لىرىكا ئىچىدىن سېنى توختىماستىن ئىزدەيمەن.

## 5

ھەر سەھەر چۈشتىن ئويغانغان چېغىمدا سانسىز ھەسرەتلەر مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، قەلبىمدىكى خىرامانلىقتا ھامان ئېسەنكىرەشلەردە قارايمەن. سەن كەلمەيتتىڭ، قۇياش بالقىيتتى. كۈندۈزلەر داۋام ئېتەتتى، خىياللىرىمدا سۆيگۈ گۈللىرىمنى بىردىن-بىردىن چەيلەيتتىم، بىراق، يەنە ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالاتتىم، يەنە ھىدلايتتىم، ياشلىرىم بىلەن ھەر بىر بەرگىلىرىنى سۇغىراتتىم.

مۇھەببەت ئەبەدىيلىك ئويۇنغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ خانىسىگە قەدەم ئالغان كىشىلەر ھامان يىغلاپ ياكى كۈلۈپ قايتاتتى خالاس.

لېكىن بەزىدە ھەرقاندەك بايلىق ۋە سەلتەنەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەستۇر.

ھەر سەھەر چۈشتىن ئويغانغان چېغىمدا سانسىز قايغۇلار مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، مەن پىنھان دەملىرىمدە سېنىڭدىن

يىراقلىماقچى بولىمەن...

6

بارچە خىياللار قەلبىمدە پارلىغاندەك ھېس قىلىمەن. سانجاق-سانجاق گۈللەرنىڭ ھۇزۇرىدا كۆي زىيالار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغاندۇر. بىر ئەزگۈ ۋىسالنىڭ ئۈنسىز تەقەززاسى مېنى يوشۇرۇن ئەسلىملەرگە باشلىماقتا. سۆيۈملۈك نەپەسلەر شامالنىڭ ئىسسىق تۇيغۇلىرىنى بىسىپ چۈشىدۇ.

خىيالدەك يېقىملىق ئىكەنلىكىڭ ماڭىلا ئايان. بۇ يەردە يۇلتۇزلار، تاڭ شامالىرى، قۇشلار كۈيى، ھەممىسى بار، بىراق سېنىڭ ئەزگۈلۈكىڭگە گۈل بولغان ئاشۇ شېرىن مىنۇتلارلا غايىب بولغاندۇر.

مېنى سانسىز شۈبھىلەر ئىسەنكىرەشلەرگە نائىل قىلىسىمۇ، يېقىملىق كۈلكىلىرىڭنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتىم. قەلبىمدىكى ئۆچمەس ئىگاھلىرىڭدا مېنىڭ ئاھلىرىم ھايات قىسمەتلىرىنى ئۈنسىز توقۇيدۇ دىلبىرىم...

7

ھاياتىنىڭ قوۋناق كۈيلىرى ئەسلىملەرنى ۋاراقلايدۇ، خۇددى جاراڭلىق ناخشىلارغا ئوخشاش.

داللار خېلى بۇرۇنلا ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ھېسلارغا چۆمۈلگەن. غەمكىنگىنە تۇيغۇلاردا يەلپۈنگىنى ئەبەدىي ئىنتىزارلىق.

مەن سېنى كۈتمەيمەن دىلبىرىم، يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىسىگە مۇشەررەپ بولغاندىمۇ، ھەسرەتلىك خورسىنىشلار بىزگە تەئەللۇق

خىياللارنى تورزۇتقاندىمۇ... تۇن قاراڭغۇلاشماقتا، گۇگۇم پەيتىدە خىرە-شىرە كۆزگە تاشلانغان يوللار ئۈنسىز سۈكۈتتە يېيىلماقتا.

يامغۇر كۈيلىرىنى سىغىندىم. ئۇ ماڭا ھېچقاچان زۇلمەتلەرنى ئەسلەتكەن ئەمەس، گۇگۇم سۈكۈناتىدا سېنىڭ خىيالغا ئايلانغانلىقىڭنى ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئەبەدىي ئېسەنكىرەشلەرگە چۆمۈلمىدىم.

سېنىڭ خىيالدەك ئەزگۈ تۇرقۇڭغا قاراپ نەمخۇش ياشلىرىم زىناقلارنى ھۆللىدى، بىراق سەن نېمىشقا يىغلىغانلىقىمنى سوراشنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەنسەن...

يېنىك ئۇچقان شامالار ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئېلىپ كەتتى. خىيالدەك يېقىملىق ئاھاڭلاردا چەكسىز ئىنتىزارلىقتا يەلپۈنگەن ئورمانلار ئاينىڭ رۇخسارىنى تاماشا قىلماقتا.

سەن بىلەن دىدارلىشالمىغان مۇشۇ پەيتلەردە گۈللەرنىڭ يەلپۈنۈشلىرىمۇ ماڭا يىغانلىق بىلىندى.

ھالبۇكى سېنىڭ كەچمىشلەرگە تولغان ئەزگۈ بايانىڭنى بىلگۈم كەلمىدى.

كۆزۈڭدىكى ساپ مەنىلەرنى ئىزدىگىنىمگە شۇنچە ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، بىراق ھېچنېمە تاپالمىغانلىقىم راست.

گۇگۇم پەيتىدە كۆز زىيالىرىغا تويۇنغان ئاخىرقى كېچە بىر تۈپ نامازشامگۈلگە كۆزۈم چۈشتى، ئۇ خۇددى شامالدا يەلپۈنگەن خىياللاردەك شۇنچە لەۋەن، شۇنچە نازۇك ئىدى...

## 8

ئىسسىق شامالدا يەلپۈنگەن ئورمانلار ئۈنسىز تېڭىرقاشلارغا چۆمۈلدى.

غۇۋا كۆلەڭگىلەر قىرلار تامان ئۆچماقتا، سىنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىڭدىن مۇستەسنا يوللار شۇنچە سوغۇق ۋە ھەسرەتلىك. پىتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئۆچكەن خىياللارنى يەلپۈتىدۇ، قۇشلار سايراشتىن، شەپەقلەر جىلۋە قىلىشتىن توختىغىنىدا مەن ئىغىر ئۇھ سىنىمەن. دەرەخلەر مەڭگۈلۈك سۈكۈتكە چۆمۈلگەنىدەك جىمجىت ھەم سۆرەنسىز، ياپراقلار ئۇخلىغان، يوللار خىيال بىلەن مەشغۇل بولماقتا، پەسىل قۇشلىرى پەيلىرىنى قالدۇرۇپ ئىسسىق ياقلارغا جۆنىمەكتە، كۆزدىكى ئەزگۈ ھەسرەت پىغانلىرىنى تىنماقتا، كۆز يامغۇرى نەمخۇش ھەم ھەسرەتلىك، شۇدەم ئىرەنسىز تۇرقۇڭ كۆز ئالدىمدا خىرە-شىرە لەيلىمەكتە.

گۈللەرنىڭ توزىغان بەرگىلىرى نەمخۇش قىرلار ئۈستىدە يىپىلغان.

شۇدەم سىنىڭ سۆيگۈڭ ماڭا ھەسرەتتىن باشقىنى ئاتا قىلالمىدى.

مەن پىچىرلىدىم، سىنىڭ شادىيانە ئاۋازىڭ يوقالغان بۇ ئۆزۈن كوچىلارغا قاراپ، مەن سىنى مىھرىبانلىق بىلەن ئەمدى كۈتمەيمەن.

9

كۈن نۇرى بىلەن شەپەق جۇلاسى بىرلىشىپ ئاجايىپ گۈزەل نۇر ھالقىسىنى ھاسىل قىلماقتا. مەيۈس كۈلكىلەر بىلەن يوللار يىنىك ئىلتىجالاردەك دولقۇنلىماقتا. مەن سىنى خىيالغا ئۇخشىتىمەن، تولىمۇ شەپقەتسىز خىيالغا.

تىنىق كۆزلىرىڭگە جىمجىت تىكىلىمەن، لىكىن چىن

سۆزلىرىمنى ساڭا ئېيتالىغان ئەمەس. مەغرۇر ھەم ئېرەنسىز تۇرقۇڭ قەلبىمدىكى جىمجىت قايغۇلارنى ئەبەدىلئەبەد يېپىپىگى پېتى قالدۇردى.

شاماللار نازۇك بىر جىلۋە بىلەن يېنىمىزدىن ئۆتتى، شۇنى ھېس قىلدىمكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى قىممەتلىك نەرسىلەرنى ھامان ئۇنتۇلدۇرىدىكەن. سەن يېنىمدىن كەتتىڭ، غەمسىز، خىرامان تۇرقۇڭ مېنى مەڭگۈلۈك ئېسەنكىرەشلەرگە چۆمدۈرمەكتە. سېنىڭ يىراقلىشىڭنى جىمجىت ھالدا كۈتۈپ تۇرماقتىمەن، قولۇمدىكى سىرىق گاز ياغلىق تىنىمسىز يەلپۈنمەكتە.

10

كېچىدىكى نىدالار يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى، ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن كېچە جىمجىت ھەم ناۋاسىز، يازنىڭ خۇش سەرۋى قامەتلىرى كېچە قوينىدا تولغىنىپ ياتماقتا. تەبىئەت يېقىملىق تىنىقلىرىنى قىرلار تامان چاچقان بۇ كېچە، قەلبىم پەرۋازىدا ئۇنسىز ئىلتىجالىرىم ئاسماننىڭ قۇلاقلىرىغا شىۋىرلىماقتا. قەلبىمدىكى بىقارارلىق ھېچ ئۇنتۇلغۇدەك ئەمەس، بىراق ئىتائەتچان ھېسلىرىم يۇلتۇز ئويلىرى تامان تىنماي ئەگىيدۇ.

پىغانلىرىم سېنىڭ ئۈچۈن ئىشقنامە يازمىسمۇ، ئامانلىقىڭ ئۈچۈن قىزغىن تىلەك تىلىمەكتە، كۆلكىلەردەك مەغرۇرسەن. گۈللەر ھارغىن ھېسلاردا شىۋىرلىماقتا، يوپۇرماقلار يېنىك يەلپۈنىدۇ، سېنىڭ تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرىمەنۇ يەنە يۈرىكىم سۇ يۈرۈيمەن.

11

مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە سېنى مەستخۇشلۇق

بىلەن ساقلاپتىمەن، بىر قوچاق گۈل ئۆزۈپتىمەن، لېكىن ساگا ھەرقانچە قىلىپمۇ بېرەلمەپتىمەن. مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە شۇنچە مەغرۇرمىشسەن، قەدىرسىزلىكىم ئۈچۈن شۇنچە ئۆزۈڭنى يىغلاپتىمەن. مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە سەن نەي چېلىپ ئولتۇرۇپسەن، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ نەي ئاۋازىنى ئاڭلىيالماپتىمەن.

مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە سەن بىلەن خوشلاشماق بولۇپ قول پۇلاڭلاتسام قولۇم مىدىرلىماپتۇ، «خوش» دېيىش ئۈچۈن ھەرقانچە قىلسامۇ ئاۋازىم چىقمىغۇدەك. مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ماڭا بىر قوچاق ئەتىرگۈل بەرگۈدەكسەن، بىراق ھەرقانچە قىلسامۇ بۇ گۈللەرنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويغۇدەكمەن، گۈللەر تال-تال بولۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتكۈدەك. مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە سەن ماڭا بىر تال ئاياغ سوۋغا قىلغانمىشسەن، بىراق ھەرقانچە قىلسامۇ بۇ ئاياغنى مەن كىيەلمىگۈدەكمەن. مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، لېكىن نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىم خىرە-شىرە ئېسىمدە.

## 12

تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى پايانسىز باغلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، خۇددى سېرىق رومال ئارتقاندەك گۈزەل تۈسكە كىرگۈزدى. مېۋىلەر شېرىن تەملەردە پىشقان جۇلالىق. سېنى سېنتەبىرنىڭ مۇشۇنداق نېمەتلىك ئايلىرىدا ئۇچراتقانمەن. ئۇ كۈنى قۇياش جىمجىت جىلۋە قىلاتتى، بىغۇبار جىمجىت يوللاردا پىنھانلىق چاقناپ تۇراتتى. مەن ئۇ كۈنى سېنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىڭنىمۇ ئاڭلىماپتىمەن، چۈنكى ئۇ دەملەر مەن شۇنچە پەرۋاسىز ھەم

غەمسىز ئىدىم. سەن ماڭا پىچىرلاپ دېگۈدەك «ياخشىمۇسىز» دېدىڭ.

ئاۋازىڭدىن ياز گۈلىنىڭ خۇش ھىدى ئۇچۇپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى.

بىراق مەن ئۇ چاغ شۇنچە پەرۋاسىز ھەم مەغرۇر ئىدىم.

ئۇ دەملەر غۇۋا خىياللار ئىلكىگە چۆكۈپ جىمجىت ھەم خىرامان ئولتۇرۇۋەردىم، سەن ئىلتىجالىق كۆزلىرىڭنى ماڭا تىككىنىڭدىمۇ پەرۋاسىز تۇرقۇم ھېلىھەم ئېسىمدە. سانسىز جىمىرلاشلار، سېنتەبىردىكى ئاشۇ ئۇچرىشىش قەلبلەرگە سانسىز چوڭقۇر ئەسلىملەرنى قالدۇردى، لېكىن ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، قۇشلارنىڭ ناۋالىرى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، ئىككىمىزدىكى مەغرۇرلۇق ھەم ئىلتىجالارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتتى...

# قەلبىمدىكى تۇيغۇ

1

مەيىن شامال باغلارنى سۈس يەلپۈتۈپ ئۆتكىنىدە قىزغۇچ چېچەكلەر خىيال بىلەن مەشغۇل ئىدى. سېنىڭ تىۋىشلىرىڭگە ئەسرا بولغان ئۈشبۇ دەملىرىمنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن. غۇۋا ئەسلىمىلەردىن ئۆتۈپ، سېنىڭ يېقىملىق قۇرلىرىڭنى ئوقۇپ چىقىمەن، ھايات شېئىرغا ئوخشايدۇ، دەيمەن ئىچىمدە، يىغلانغان ھېسلىرىمدە سېنىڭ ئۈچۈن دەستىلەر تىزىپ چىقىمەن، ۋاھالەنكى، بۇ مۇشتاقلىق مۇشۇ چېچەكلىك باغلاردىلا تىنماي ئەگىيدۇ، ئەگىيدۇ.

2

دېرىزەمنى قىيا ئېچىپ يامغۇرلۇق گۇگۇمنى تاماشا قىلىمەن. كېچە خىيالغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بەھرىدىن گۈللىگەن ياز ئاخشىمى گويا ئۇستا رەسسام سىزغان بىر پارچە ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايدۇ. شۇ مەھەل كۆز ئالدىمدا غۇۋا زاھىرسەن، ئىسسىق شامالنى سېنىڭ تىنىقلىرىڭ دەپ قىياس قىلىمەن، ھالبۇكى، سۈكۈتتىكى بۇ ئەسلىمە سەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. شۇ دەملەر سەنمۇ خىياللىرىڭدا يوچۇن بىرى ئۈچۈن شېرىن ئەسلىمىلەرگە چۆمۈلگەنسەن، گۇگۇمدىكى بۇ ئاخشام مېنىڭ تەنھالىقىمدىن چىقىپ سەن تامان يول ئالغاندا، سەن كىملەرنىڭدۇر يوللىرىغا تەلمۈرگىنىڭ ئېنىق!

## 3

ئىللىق پەيلەشلەردە كېچىلەر جىمجىتىقىنە ئۆتمەكتە. خىيالىم ئارزۇ-ئۈمىدىنىڭ تەھسىنلىرىگە چۆمۈلگىنىدە، شاماللار گۈللەرنىڭ قېنىق لەۋلىرىنى ئىزدەيدۇ، ئۈزۈمىدىكى خىيالچانلىق كۆكۈمىنىڭ نازۇك ھېسلىرىنى يەلپۈپ ئۆتىدۇ. يۈرىكىمدە شېرىن بىر ھەسرەتنىڭ ئىزلىرى قالدى، ئۈمىدلىرىم ئۈنىڭدا چېچەكلىدى. مەن خەيرلەشمەكچى بولدۇم، قولۇمدىكى قىزغۇچ يوپۇرماقنى تىتىپ ئولتۇرۇپ. يامغۇر تامچىلىرى كېچىلەرنى ھۆللىمەكتە. ئاۋازسىز، تىنۇشسىز ھالدا سەن بىلەن خەيرلەشمەكچى بولدۇم. نامازشامگۈللەرنىڭ شېخى ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىگە چىلىشىپ قالدى، گۈللەرنى كۆرەلمەيمەن، كۆزلىرىمدىكى ياش قىيانى بارلىق ھەسرىتىمنى ھۆللىمەكتە ئىدى.

## 4

باھاردىكى بارلىق ھېسلار كوچىلارغا چېچىلغىنىدا، يامغۇر ئۈنىڭ چېھرىدە نامايان ئىدى. ئاپرېل يامغۇرى تالا-تالا نۇرلارغا ئۈنسىز سىڭمەكتە ئىدى. سېنى باھارىم دەيتتىم، سېنى ئۆچراتقان قىممەتلىك دەقىقىلەرنىڭ تۇزانلىرىدا سىيمايىڭنى ئىزدىمەكچى بولاتتىم. مېنى باھارىم دەيتتىڭ. غۇۋا ئەسلىمىگە ئوخشايدىغان ئاشۇ قىسقىغىنە دەملەرنى خىيال قىلاتتىڭ. ئاشۇ يېقىملىق باھار ئىككىمىزگە تەۋە بارلىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ ئۈنسىز غايىب بولدى. كەچكى شەپەق باھار ئاخشىمىنى سانسىز ئەسلىمىلەرگە ئورىغان بولۇشى مۈمكىن. بەلكىم قەلبىڭدىكى سۆيگۈ ھېسلىرىنى كىملەرنىڭدۇر يوللىرىغا پاياندار سېلىش ئۈچۈن راسلاپ قويغانسەن.

لېكىن شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، باھارنىڭ ياندۇرقىسى بالدۇرقىغا ئوخشىمايدۇ!

5

قەلبىم ئىزھارىنى يوللارنىڭ ناتىۋانلىقى دەيمەن. يۇلتۇزلارغا لىققىدە تولغان كېچىلەردە شامالLار بۇلۇتنىڭ لېچەكلىرىنى قايرىيتتى، ئەزگۈ تۇيغۇلىرىمدا خىيالىڭغا كىرىپ كەلسەم دەيتتىم. ئۈمىدسىز خىيالىم قىزىل ئېچىلغان خېنىگۈلنىڭ غەمكىن ھىدلىرى ئىچىدە قېپقالدى.

مەن قايتماقچى بولدۇم، ئۇنتۇش داغلىرى بىلەن بويالغان جىمجىت كوچىلارغا، بۇ يوللار تەسۋىرلىگۈسىز نىدالارغا تولۇپ كەتتى.

ھېچقاچان مۇنچىلىك ئازابنىڭ غۇۋا يوللىرىغا چۆممىگەنمەن.

سەن ئۇن ـ تىنسىز كېتىپ قالدىڭ، خىرە ـ شىرە كۆزلىرىمدە، تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئازاب مېنى ئاستا ـ ئاستا يۇتۇپ كەتتى...

6

كېچە مەرھەمەتتى تالاي ناۋالارنى يوشۇرۇپ بارماقتا. يوللارنىڭ پىغانلىرى بالكونلارئارا ئۇچماقتا. سۇكۇنات ئىچىدىكى سۆيگۈمنى سېنىڭ ئۈچۈن تۇتقانمەن. گۈلزارلىق باغلار سېنىڭ ھىدلىرىڭنى ئەسلىتىدۇ، قىرلاردىكى ئەمەن گۈللىرى سېنىڭ شاد ناخشىلىرىڭغا جور بولماقتا. شۇدەم مۇشۇ يوللاردىن مەغرۇر قەدەملىرىڭدە يېتىپ كېلىشىڭنى شۇ قەدەر ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن بىلەتتىم، بۇ يوللار ئەمدى سېنىڭ ئۈچۈن ئۇنچىلىك گۈزەل ئەسلىمىلەرگە مەپتۇن قىلمايدىغانلىقىنى. دىلىمدىكى بۇ ئۈنسىز بىغىشلاش سېنىڭ ئۈچۈن نەپىس يوسۇنلاردا تىنماي ئېچىلىپ تۇرغۇسى...

# يامغۇر كۈيلىرى

1

سىم-سىم يامغۇر يازنىڭ گۈزەل رۇخسارى بىلەن بېزەلگەن، ئاينىڭ شولىسى رۇجەكلەرنى يېنىك چۈمكىگەن، شۇ كۈنى خىياللىرىم يوللىرىڭ تامان بەرق ئۇرغاندى.

باھار گۈلىگە ئوخشايتتىڭ، ۋىسالىڭنى چۈمكىگەن ھېسلىرىم شەبنەم بولۇپ يوللىرىڭغا چۈشمەكتە.

شۇ دەملەر شاماللاردەك يېنىك ئىنتىزارلىقتا سەندىن سوئال سورىماق بولاتتىم.

سەن ماڭا مەنسۇپ بولالامسەن؟

بىراق سېنىڭ جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن ئەزىزىم.

كۆز ياشلىرىم ياپراقلاردەك تىترەپ تۇرىدۇ.

ئازابلىرىمنىڭ ئەڭ گۈلگۈن مېلودىيەلىرى خەندان ئۇرغىنىچە مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئەزگۈلۈككە قاراپ يول ئالىدۇ.

2

سېنىڭ سەھىرىڭ چۈش بىلەن باشلىنىپ، كۈي بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بەس-بەستە ئېچىلىۋاتقان گۈللەرگە قاراپ مەيۈسكىنە كۈلۈمسىرەيمەن. سەھەر شەبنەملىرىنى شاماللار سۆيۈپ ئۆتكىنىدە دالا گۈللىرى يېنىك سىلكىندى، گۈللەر جىلۋىسى، سەھەر شەبنەملىرى، قۇشلار كۈيى، ھەممىسى بىرلىشىپ كەتتى. ماي

ئايلىرىنىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرى بىھېساب ئارمانلارغا شاھىت بولماقتا. سېنىڭ ھەربىر سەھىرىڭ خىيال بىلەن باشلىنىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەيىن شاماللار ئاق ئېچىلغان لەيلىگۈلنى قوچاقلايدۇ. ياپراقلارنىڭ جۇلاسى قۇياش نۇرىدا يالتىرىماقتا. بۇ گۈزەل ھاياتتىكى سېنىڭ شادلىقىڭغا تەۋە بولغان سەترىلەرنى شۇنچە بىلگۈم بولسىمۇ، مەيۈسكىنە كۆلكە ئىچىدە ئۆنسىز قايتتىم. مېنىڭ مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈم بار ئىدى، بىراق ھېس قىلدىمكى، پەقەت ئايرىلغاندىلا ئۇنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدىكەنمىز.

سېنىڭ سەھىرىڭ جىمجىت باشلىنىپ، جىمجىت ئاخىرلىشىدۇ.

3

ھەر بىر كۈن گۈگۈما شېئىر كەبى تۇيۇلماقتا. تەبىئەتنىڭ سۈكۈناتى دالىلار تامان يېيىلغان، مەڭگۇ تۇرغۇن ھالەتتىكى گۈزەل جىمجىتلىق مەۋج ئۇرغان دەملەردە، قەلبىمدىكى ئاخىرقى ئازاب كۆگۈل پايانىمغا ئەسىرلىك غېرىبلىقنى سىزىپ چىقماقتا. گەرچە ئۆي-پىكىرلىرىمىز ئوخشاش بولسىمۇ، تەپەككۇرىمىز ئوخشىمايتتى. سەن سۆيگۈنى ئېھتىياجىڭغا بويسۇندۇرالايتتىڭ، بىراق مەن سۆيگۈنى قۇربان بېرىشنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايتتىم. سەن سۆيگۈنى سىرلىق ھېسسىياتىڭ بىلەن يوشۇرالايتتىڭ، بىراق مەن سەلتەنەتلىك قەلب قەسىرىمدە ئاۋۇتۇپ كېلەتتىم. مەن سۆيگۈنى تۈنلىرىمنى لىرىكىلىق ھېسسىياتلارغا تولدۇرغۇچى بۇلاق دەپ ئويلايتتىم، بىراق، سەن سۆيگۈنى توختىماي ئېرىششنىڭ يەنە

بىر ئۇسۇلى دەپ قارايتتىڭ.

4

قەلب ئېكرانىمدىكى پىنھانلىق ئالەمچە پىغانلارنى يوشۇرغىنى ئېنىق. پايانسىز ئۇپۇققا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. يامغۇرلاردىكى ئېسەنكىرەش ياالقۇنلۇق خىياللارغا ئەستىلىك بولماقتا. مەغرۇرلۇقىڭدىن ھاسىل بولغان كىچىك دولقۇنلار قەلبىمدىكى يارقىن سىيمايىڭنى ھامان رەڭسىزلەشتۈرمىسكەن دەيتتىم. ھىجران ناخشىلىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان بۇ ئايسىز تۈن بارلىق ئەستىلىكلەرنى ۋاراقلايدۇ. چىغىر يوللار خىيالىمنىڭ ئاخىرقى بېكىتىگە ئايلانغان دەملەر، ئۈنسىز ياشلىرىم مەڭزىمنى ھۆللەيتتى. مەجنۇنتاللار نەمخۇش چاچلىرىنى يەلپۈتمەكتە، باھار كۈيى باھار يامغۇرىدا جەۋلان بولماقتا، ئازابىنىڭ كۈيىگە جور بولغان خىيالىم خىرە-شىرە تىمتاس يوسۇندا ئىسمىڭنى پىچىرلاپ ساڭا بەخت تىلىمەكتە.

5

ھاياتتىكى شېرىن دەملەرنى،
ئاھ نېمىگە تېگىشتىڭ جانان.
گەر كۆزلىرىڭ گوياكى بۇلاق،
مەن ئۈنىڭدا ئۈزىمەن ھامان.

سولغۇن گۈلدەك تۇرسام پىچىرلاپ،
داللاردا كۆرۈندى ئەكسىڭ.

دۇچار قىلىپ شېرىن ئازابقا،
مېنى ئۈنسىز قىينايدۇ ۋەسلىڭ.

قۇياش نۇرى بىلەن سىردىشىپ كۆنگەن ياپراقلار شاماللارنى قۇچاقلايتتى. خىيال بىلەن بەختىنىڭ ئارىسى تولىمۇ يېقىنكەن دەيتتىم ئىچىمدە. خىيالىڭدا بەخت تەختىدە سۇلتان بولاتتىڭ. پەقەت خىيالىڭدا ئۆزۈڭ يەتمەكچى بولغان ئارزۇلىرىڭغا شەكسىز يېتەلەيتتىڭ. خۇددى ھېسسىياتنى سان بىلەن ئۆلچىگىلى بولمىغاندەك، سۆيگۈنىمۇ كۆز بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ-دە، شاۋقۇن-سۈرەنسىز كۆڭۈلەر ئاخىرلاشماقتا. دۇنيانىڭ ھەربىر مۆجىزىلىرىگە بىرنېمە دېمەك تولىمۇ قىيىن. مۇھەببەت كىشى ھاياتىدا دولقۇنلاپ تۇرغان شېرىن ئازابتۇر، ئۇنىڭ پايانى ئېرىشكۈچىنىڭ قەلبىنى ھاياجانلىق ناخشا بىلەن تولدۇرغۇسى...

6

ئىللىق شاماللار كىشىگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېغىشلايتتى. يوللار پىنھانلىقتا ئۇخلىماقتا. بىلىنەر-بىلىنمەس يوسۇندا مىدىرلاپ تۇرغان گۈللەرنىڭ شاخلىرى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ھېس قىلدۇرماقتا. ياۋا گۈلنىڭ سۇس پۇراقلىرى داللارنى مەستخۇشلۇققا چۈمدۈردى. يامغۇر سۈيى تۇپراقنىڭ قات-قېتىغا سىڭمەكتە. بۇ يەردە ئۈنسىز بىر خىيال مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە گۈگۈمدىكى بىر گۈزەل سايە تىنىمسىز لەيلەيدۇ.

بۇ يەردە موھتاجلىقتىن باشلانغان بىر خىيال ھاياتلىق تىنىقلىرى بىلەن بىللە ياڭرىماقتا. بۇ يەردە ئەزگۈلۈكتىن باشلانغان بىردىنبىر ئەركىن ئىستەك پاراغەت سۈپىتىدە نامايان

بولماقتا.

7

چىڭقىچۇش خەيرلىك كىچىك ئاسماندا نامايان بولماقتا. يامغۇر يەنە ياغسا بولاتتى دەيتتۇق. قەلبتىكى چاڭقاشلار بۇنىڭ ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس، بۇلۇتلار ئاسماننىڭ قەرىدە تۇتۇنگە ئايلىنىپ كەتكەنمۇ نېمە دېيىشەتتۇق.

چاڭقاش ئەسەبىي خىياللاردەك بۇگۇنكى تەشنالىققا قارار تاپقانمىدۇ؟

ئىشىكنىڭ سىرتىدا غۇۋۋا لەيلىگەن كۆلەڭگىگە قاراپ گۇمانسىراشتا يوللار تامان قارايتتىم. چاڭقاق كۆنلەردىكى ئازابسىز خىيالنىڭ بەھۇزۇرلۇقىغا بىرنېمە دېمەك تولىمۇ قىيىن. غۇۋۋا دەرەخلەر تىنىمسىز كۆيمەكتە. خىياللىرىمدىكى تەشنالىق گويا بۇگۇنكى چىڭقىچۇشقا تولىمۇ ئوخشايدۇ.

8

ئاي يامغۇرى داللارنى سەگىتمەكتە، ئاي يامغۇر تۆكمەيدۇ، بىراق يىغلايدۇ. كۆزلىرىڭدە غايىبانە شادلىقىم نامايان بولسىكەن دەيتتىم، بىراق ئارتۇقچە ئۈمىدلەر كۈتمەيتتىم. قويۇق ئورمانغا ئوخشاش بىھېساب خىياللىرىم مېنى ئاي يامغۇرىدا سەگىتىپ تۇراتتى، ئاي يامغۇر تۆكمەيدۇ، بىراق تۆكۈلگىنى ئۈنىڭ كۆز يېشى دەيتتىم ئىچىمدە. تۇمان پەسلىگە كۆچكەن سۈكۈنات پىنھان كېچىنى يامغۇر پەسلىگە چاقىرماقتا. مەيلى ئازابلىق بولسىمۇ ئاي يامغۇر تۆكمىگەن، لېكىن ياش تۆككەن. بۇ كېچىنى ياقتۇرۇپ

قىلىۋاتاتتىم، خىيالدەك ئەزگۈلۈكتە يوللار تامان تىنىمسىز يامغۇرلارغا پۈركىنىپ كەتتىم.

9

ۋاقىت جىمجىتلىقىدا سوزۇلۇپ ياتقان مۇكەممەل مەنزىرىلەر ئۇستا رەسسام سىزغان ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايتتى. يېڭى ئېچىلغان مامكاپ گۈلىنىڭ خۇش ھىدى دىللارنى بىھوش قىلاتتى، گۈللەرگە ئامراقمەن، يېشىل ۋادىلار ئۆز تەنتەنىسىنى كۆز-كۆز قىلىشقان ھالدا خىيالغا چۆمگەن ئىدى. قۇشلار كۆيى پىغانلىق ناخشىلارغا تولىمۇ ئوخشايتتى. باھاردىكى نەي ئاۋازى ئۇنتۇلغان ئارمانلارنى تەگسىز چوڭقۇرلۇققا باشلىماقتا، قۇشلار ناۋا ياڭراتماقتا، رىتىملىق قاپىيەلەر كۆڭۈل ئەينىكىمنى گۈزەل رىتىملارغا باشلايدۇ، لېكىن ھېچقاچان شاد كۈلەلىگەن ئەمەسمەن. شامال سوقۇپ تۇرغان داللار كۆي پەسلىگە تىنىمسىز چۆكمەكتە. خىيالدەك ئەزگۈلۈكتە قۇشلار كۆيىگە جور بولۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، چۈنكى مېنىڭ غەرەزسىز شادلىقىمنى ئالللىقاچان تۇمانلار يۇتۇپ كەتكەن دەيتتىم ئىچىمدە...

10

سەھەرنىڭ تىنۋشلىرىنى سېزىپ چۈشلىرىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. تاڭ شەپىقى نۇر سەلكىنى ئىچرە چايقىلاتتى، سەھەر نېمىدېگەن گۈزەل دەپ پىچىرلايتتىم، كېچە كۆرگەن چۈشلىرىمدىن شۇ قەدەر ئۈھسىندىم.

بىلسەڭ ئىدىڭ، سەن ھەتتا چۈشلىرىمدىمۇ مەندىن

يىراقلاپ كەتكەن ئىدىك، خۇددى بىز ناتونۇشلاردەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەكمىز، كۆزلەردىكى سوغۇق نۇر ھەم يوچۇن بىر خىيال ئىككىمىز ئارىسىدا ئەزەلدىن بىر شېرىن بەخت بولۇپ باقمىغاندەك تۇيغۇلارغا كەلتۈرۈپ قوياتتى.

لېكىن بۇ بىر چۈش ئىدى، شۇندىمۇ قەلبىمدىكى مەيۈس تۇيغۇلارغا بەرداشلىق بېرىش تولىمۇ تەس ئىدى.

قايغۇنى ئىككى گۈلزار ئوتتۇرىسىدىكى تام دەپ ئاڭلىغانمەن.

بىراق سەن مەن ئۈچۈن مەڭگۈ قايغۇ ئەمەسسەن.

كۆڭلىرىمدە ھەمراھ بولمىساڭمۇ مەيلى، تۈنلىرىمدە ئازابلىق چۈشلەرنى ئەمەس، يارقىن خىياللارنى بەخش ئەتكەيسەن...

# ئېھ، مېنىڭ غېرىبلىقىم

قۇياش بالقىپ تۇرغان سەھەرلەردە ھەممە سەن تامان يول ئالغاندا ماڭا ھەمراھ بولغان ئېھ غېرىبلىقىم. غايەت زور ۋولقانلار ئىچىدە دۇنيا ئۆز مالامەتلىرىدە ئۇنسىز سەترىلەرنى سىزماقتا. ئالەم كۆيلىرىدىن مەست بولغان چەكسىز پىنھانلىق كېچىلەر رىسالىسىنى ئۈن-تىنسىز ئوقۇيدۇ. ئەسىرلىك كۆيلەشلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. خىيالدەك يېقىملىق قاراشلىرىڭ قەلب ئېتىزلىرىمدا شېرىن مېۋىلەرنى كۆكلەتكەن ئەمەسمۇ، ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، دەيتتىم ئىچىمدە. كۈتۈشلەر قايىنىمىغا غەرق بولغان كېچىلىرىم باھار شەبنەملىرىدەك سۈزۈك ھەم جۇلالىق ئىدى. چۈشلەردىكى پىغانلار شۇنچە يارقىن، يالقۇنلۇق ئۈمىدلەرنى سېغىنىمەن، ھەسرەتلىك نىدالاردىن شۇ قەدەر بىزارمەن، ناخۇشلۇق بىلەن كۆلگەن يۇلتۇزلارنىڭ چېھرىدىكى يېقىملىق تارتىنىشلارنى سېنىڭ زىبالىقىڭ دەپ قىياس قىلىمەن. ئورمانلارنىڭ سەلتەنىتى باغلاردىكى جۇشقۇنلۇق قىسسەلىرىنىڭ پايانىغا يېزىلماقتا. شاماللارنىڭ لەرزان ئۇچۇشلىرى تىنچسىز قەلبىمنى يەنىمۇ داۋالغۇتماقتا، باھار بولۇپ ھەر بىر پەسىلدە ياشارسام دەيمەن، سۇلارنىڭ ئاۋازى، گۈللەرنىڭ پىچىرلاشلىرى سېنىڭ شاد كۈلكىلىرىڭنى تامام يوشۇرماقتا. ھەربىر كۈي، ھەربىر مۇزىكا سېنىڭ تىنۋىشلىرىڭنى ئەسلەتتى، مەيلى باھار، مەيلى زىمىستان بولسۇن تولۇق ئەسلىمىلەر قوينىدا ياشىدىم. ئاينىڭ تارام-تارام نۇرلىرى، رۇجەكلەرنىڭ يېقىملىق جۇلاسى مېنى ئۇنسىز بەزلەيتتى، بارلىق ئارمانلارنى سەن دەپ قىياس قىلىمەن، ئېھ مېنىڭ غېرىبلىقىم!

# باھار كۈيى

ئەتىرگۈللەر خۇش ھىدىنگدا يوپيۇنغاندا، ياز گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىنى بىزەشكە تەييار تۇرغاندۇر، باھار! بىر پارچە خىيالغا ئوخشايدۇ.

يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا ساناقسىز كۈينى ئايىماي تۆكمەكچى بولۇشىدۇ.

تاڭ نۇرلىرىنىڭ يېقىملىق زىيالىرى باھاردىكى ئەمەن گۈللىرىنىڭ شاخلىرىنى مەيىن يەلپۈتكىنىدە، تاڭ قۇياشى جەلپكار قىياپەتتە.

ئاپرېل ناخشىسىنى باشلىۋېتىدۇ.

سۈزۈك شەبنەملەر باھار نۇرىغا تويۇنغان ھالدا گۈل بەرگىنى سۆيۈپ قويىدۇ.

باھار ئەركىن خىيالغا ئوخشاش جىرالاردىن ئۆتۈپ، باغلارنى سەير ئېتىدۇ.

ئېچىرقىغان سۆلار باھار ھىدىنى ئېلىپ پايانسىز قىرلار تامان ئاقماقتا، باھار قەلبىم ئىزھارىدا مەڭگۈ يېپيېڭى ئارماندۇر.

# شامال

ئاسمان يۇلتۇز چېچەكلىرى بىلەن بېزەلگەن گۈزەل دەقىقىلەر، شامالنىڭ ھىدى دالا گۈللىرىنى يېنىك سۆيۈپ ئۆتتى. يوللار خىيالچان، گۈللەر خىرامان ئىدى. شامالنىڭ ئاۋازى دەرەخ ياپراقلىرىغا يېنىك پىچىرلايتتى. مەن ساماۋى مۇئەللەقتىكى كۈيلەر قېتىدىن كەلدىم. ياپراقلاردىكى نازۇك تىترەش تەبىئەت ھۆسنىگە جۇلا بەرمەكتە، شامال قىزغىن ھېسلىرىدا دالىلارنى يېنىك يەلپۈتمەكتە، بىر ھۇزۇرلۇق خىيالدەك يېيىلغان ئاسمان شامال كۈيىگە تەھسىنلەر ئوقۇماقتا، يەردە شامال، ئاسماندا يامغۇر، دالىلار پىچىرلىماقتا.

# تەبىئەت

گۈل ھۆسنىگە تەشنا كېچىلەر باغلارنىڭ رۇخسارىنى تاماشا قىلماقتا. تەبىئەت گۈزەل ھېس-تۇيغۇلاردا مەست-ئەلەس.

باغلار بىھوش، يوللار مىڭ خىل ئارزۇلاردا تولغىنىپ ياتماقتا.

باھار سەلكىنى رەڭدار چېچەكلەردىن رومال ئارتقان ئېكىنزار باغلارنى سەيىر ئەتكىنىدە، قۇشلار تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىشىپ يېنىك چۇرۇقلاشماقتا. تەبىئەت نەقەدەر گۈزەل دېيىتتىم ئىچىمدە. سۇلار مەۋجىدە يەلپۈنگەن دولقۇنلار يېپيېڭى مېلودىيەلەرنى ھاسىل قىلماقتا، دالىلارنىڭ يېقىملىق سېھرى قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ جۇلالاردا تەۋرەنمەكتە.

تەبىئەت نەقەدەر گۈزەل-ھە دېيىتتىم ئىچىمدە.

# ئاياللىق نازاكەت

سۆيگۈ تۇمانلىرىغا يۇركىلىپ قالغان بىر ئۇنىسىز ھەسرەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئايالLىق نازاكەت. بىر نەپىس گۈل شىخى شامالنىڭ ھىدىغا ئەگىشىپ تەۋرەنگىنىدە، ئۆچمەس بىر ئۇياتچانلىق خىيال ئاسمىنىدا يېنىك لەيلەيدۇ، بۇ بولسىمۇ ئايالLىق نازاكەت. يۈرەكلەرنىڭ يېنىك تىترەشلىرىدە تەلپۈنۈشمۇ، قايغۇمۇ، ھەسرەتمۇ، كامالىنى تاپقان پىنھان بىر ئارزۇمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئايالLىق نازاكەت. بارلىق جىلۋىلەردە تەنھا قارار تاپقان قىزغىن بىر مېلودىيە بار، ئۇ بولسىمۇ ئايالLىق نازاكەت.

ھاياتنىڭ پىنھان چۈشلىرى ئۇنىسىز ياش تۆككەن بىر بىغۇبار كۆي مەنىلەردىن مەنىلەرگە ئېقىپ كىرمەكتە.

ئالەم بارلىقى بىلەن «ئايال» دەپ چاقىرماقتا!

# يامغۇر

يېشىل يوپۇرماقلار يامغۇر تامچىسىدا ھۆللەنگەن كېچىگە ئاستا سىڭمەكتە. يامغۇر كۈيى خىيالپەرەس قىزدەك نازۇك تىترەشلەردە يېنىك جۇلالىنىدۇ. يوللار، يامغۇرنىڭ قىزغىن مۇڭلىرىغا تولغان ئاسمان سەترىسى يېنىك تۇمانلارغا چۆمكەلگەن.

يامغۇرنىڭ ئاۋازىنى شامال سۆيۈپ ئۆتتى، قۇشلار دەرەخ شاخلىرى ئاستىغا مۆكۈشكەن، ئىللىق كۈز جىمجىتلىقىدا يامغۇر تامچىلىرى تەبىئەتنىڭ يېنىك خورسىنىشلىرىغا جىمجىت قۇلاق سالماقتا.

ئارزۇلارغا باي كېچىلەر يامغۇر تۇمانلىرىدا لەيلىمەكتە.

يوللار، دالىلار قىزغىن تامچىلاشلاردا پىغانلىق دەملەرنى خىيال قىلىشماقتا. چىغىر يوللار يامغۇر پايانىدا ئەبەدىي ئېسەنكىرەشلەردە يېشىل جۇلا ئىلكىدە پارلىماقتا. يامغۇر پەسلىگە تويماي باققان تەبىئەت يېقىملىق تەھسىنلەردە كۈيلەر ئالەمگە يول ئالدى، ئېھ يامغۇر پەسلى...

# مۇھەببەت

ئـارتۇقچە مېھرىبـانلىق كـۆپىنچە ئـازاب ئېلىـپ كېلىـدۇ، مـۇھەببەت ئەبەدىيلىـك ئويۇنغـا ئوخـشايدۇ، مـۇھەببەت قىزغىـن ھېس-تۇيغۇلارنى خالىغانچە ئىسكەنجىسىگە ئالىـدۇ، ئۇنىـڭ يەنە بىر تەرىپى قۇربان بېرىشتۇر.

مۇھەببەتتە شادلىق بىلەن قايغۇ تەڭ مەۋجۇتتۇر.

مـۇھەببەت نـازۇك قىزنىـڭ كـۆز يېـشىغا ئوخـشايدۇ، ئۇنىـڭ ئازابى ھامان شېرىنلىكىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ.

مۇھەببەت روھ قىرغاقلىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، مۇھەببەت نەپـىس ئېچىلغـان گـۈل غۇنچىـسىدەك كـىشىنى ئـۆزىگە جەلـپ قىلغاندۇر.

مۇھەببەت ئۆزى خالىمىغان ئىشنى چوقۇم خالاپ قىلدۇرغۇچى ئاملدۇر. مۇھەببەتنىـڭ مەنىۋىلىكـى ئۇنىـڭ ماددىيلىقنى بىـسىپ چۈشـىدۇ. مـۇھەببەت ئېرىشـىشلا بولماسـتىن، بەلكـى يەنە ۋاز كېچىـشتۇر. مـۇھەببەت تەنلەرنىـڭ ئۇچرىشىـشى ئەمەس، بەلكـى تۇيغۇلارنىڭ بىرىكىشىدۇر. مۇھەببەت يەنە خىياللا ئەمەس، بەلكـى بىر گۈزەل تەسەۋۋۇردۇر. مۇھەببەتنىڭ پايانى ھامان چەكسىزدۇر، لېكىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئالدىنئالا بىلەلمەيدۇ.

مـۇھەببەت چاقىرمايـدۇ، بىـراق ھەرقـانچە ماڭـساڭمۇ بىـر قەدەممۇ يىراقلىيالمايسەن. مۇھەببەت ئەزگۈلىكـى خىيالىڭنىـڭ بىـر پۇتۇنلۇكىـدىنمۇ ئۇسـتۇندۇر. مۇھەببەتنىـڭ ئـاۋازىنى ھېچكىـم ئاڭلىيالمايـدۇ، لېكىـن ئۇنىـڭ رۇخسارى بىـر قەدەممـۇ يىراقلىغـان ئەمەستۇر. مـۇھەببەت بىـر ئىـشىكتۇر، لېكىـن ئـۇ مەڭگـۈ يېپىلغـان ئەمەس.

# سىنىڭ ئاۋازىڭ

سىنىڭ ئاۋازىڭ مەڭگۈلۈك ئەكس سادالارنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى.

كۆز چاناقلىرىمنى ھۆللىگەن ياشلار خورسىنىشلىرىمنى جىمجىت باسماقتا. خىيالغا ئوخشايسەن، ناخشىدەك ئەزگۈلۈك ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالىدۇ. ئاۋازىڭ سىھرىدە تولغانغان ھېسلىرىم ئاشىقلىقىمنى ئىپسىمگە سىلىپ قويىدۇ، ئاۋازىڭدىن شۇنچە يىراقلىماقچى بولغانلىقىم راست، بىراق ئاۋازىڭسىز بىر قەدەممۇ باسالمىدىم.

ئاۋازىڭدا گۈگۈملۈق ئاخشامنىڭ جىمجىتلىقى، يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلىرى، ئىشقىلىپ تالاي-تالاي ئاداققى ھىجرانلارنىڭ نازۇك ھەسرەتلىرى بار.

سىنىڭ ئاۋازىڭ سۆيگۈنىڭ ئەبەدىيلىك بىناۋالىقىنى، يامغۇرلۇق ئاخشاملارنىڭ پىنھان ياشلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەيىن ئۇچقان شاماللار ئاۋازىڭ تامان ئۇچماقتا. ئەبەدىيلىك كۈيلەش ئىككىمىزنىڭ جىمجىتلىقىغا ئاستا سىڭمەكتە.

# تاڭ ناخشىسى

يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغىنىدىن خەۋەر بەرگۈچى يورۇق تاڭ چىرايلىق قۇببىلەرنى سۆيمەكتە. ھاياتتىكى ناخشىلار تولىمۇ شېرىن بولىدۇ. باغلاردىكى رەڭدار چېچەكلەردە يورۇق سەترىلەرنىڭ ئەكسى. قايناق ھاياجانلاردا ئويغانغان ھېسلار قۇشلارنىڭ شادىمانلىقىغا تەڭكەش بولماقتا.

نېمە ئۈچۈندۇر سەھەردىكى شاد ناخشىلارغا جور بولالمايتتىم. يوللاردىكى پىنھانلىق سەن قالدۇرۇپ كەتكەن ھەسرەتلىرىمگە يېڭى ئازابلارنى جىمجىت يېزىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

جەنۇبنىڭ ئىللىق شامىلى گۈللەرنىڭ روھىدا نامايان بولغىنىدا، قەلبىمدىكى غۇۋا كەچمىشلەر ناخۇش تۇيغۇلاردا كۆي سەھرى تامان يول ئالدى.

تاڭ ناخشىسى ياڭرىدى دەيتتىم، كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياشلارنى كۆرەلمەيتتىم، خىيال بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك ئەستىلىكلەر ئارىسىدا تاڭنىڭ يېقىملىق ساباسىغا قۇلاق سالماقتا ئىدىم...

# خوشلىشىش

ئەبەدىلئەبەد يېگى بىر مۆجىزىنىڭ پايانىدا خۇشاللىقىمغا قەدەم باسقىنىمدا، بەختلىك خىياللار قوينىغا غەرق بولغانلىقىم راست.

قەلبىمنىڭ سۈكۈناتىدىكى لىرىك دەملەر قىسقا مۇزىكىدەك تېزلا ئاخىرلاشتى، قەلبىمنىڭ گۈلستانىدىكى خۇش ھىدلاردىن بەھىرە ئالماي تۇرۇپلا سەندىن ئايرىلىپ قالدىم. سۆس ھىد چېچىپ تۇرغان ياۋا گۈللەر دالىنىڭ باغرىدا ئەلەملىك يەلپۈنۈپ تۇرماقتا، سەھەر قۇياشى گۈللەر بەرگىدىكى شەبنەملەردە ئۆزگىچە جۇلا بىلەن يالترىماقتا. گەرچە خوشلاشمىغان بولساقمۇ، بىراق ئازابىنىڭ چوڭقۇر پايانى ئايرىلىشتىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. بىز خوشلاشمىدۇق، بىراق، ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەس بىر غېرىبلىق ئىككىمىزنىڭ شادلىقىغا تەۋە بارلىق ئەسلىملەرنى قاياقلارغىدۇر ئېلىپ كەتتى. قايغۇلۇق خىياللىرىم ئىككىمىزگە تونۇش ئاشۇ چىغىر يوللاردا پىنھان كېزىپ يۈرمەكتە، يوللارنىڭ جىمجىتلىقى دىلىمدىكى پىغانلارنى ئۇلغايتىپ ئۆتتى. ئاشۇ دەقىقىلەر بىردىنلا خىيالىمدا غۇۋۋا لەيلەيتتى، سېنىڭ كۆزلىرىڭدىكى گۇمانلىق كۆلۈمسىرەشلەر غىل-پال چاقنايتتى.

سېنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرسامۇ، ئۈمىدلىك چاقناشلار ئىلكىدە تەگسىز ئىنتىزارلىقلاردا كۈتكەنلىكىم راست. باھار كەتكىنى بىلەن كېلەر يىلى يەنە قايتا كېلىدۇ، گۈللەر توزۇغىنى بىلەن ياندۇرقى يىلى يەنە كۆكلەيدۇ. گەرچە ئىككىمىز خوشلاشمىغان بولساقمۇ، قايتا ئۇچرىشىشىمىز تولىمۇ ناتايىن، لېكىن شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، خىياللىرىمنى خىياللىرىڭدىن شەپقەتسىزلىك بىلەن قوغلىمىغىن.

# نىدا

سۈكۈتلەر يېيىلغان كېچە ئەبەدىي ئېسەنكىرەشلەردە خىيالىي تۈيغۇلارغا جىمجىتتىقىنە سىڭمەكتە. گۈللەرنىڭ ھىدلىرى دىماقلارغا يېقىملىق ھۇزۇرنى سۇنماقتا. قاناتلانغان ھېسلاردا ئۈنسىز كۈيلەش مەۋج ئۇراتتى، يامغۇردىكى تامچىلاشلار گۈللەرنىڭ نىدالىرىغا قۇلاق سالمايتتى.

گۈزەل، نەپىس ئاھاڭلاردا كۈيلەنگەن ناخشىلار ئارامبەخش خىياللارنى پەيلەپ ئۆتىدۇ. يۇلتۇزلار بۇلۇتنىڭ نىداسىغا قۇلاق سالمايدۇ. قەلبىمدىكى پىنھان ھەسرەتلەرنى كۆرمەيدىغانلىقىڭ راست، بىراق ئۈنسىز نىدالاردا ئىسمىڭنى چاقىرمىغانمەن.

تالاي يىللار ئۆتتى، باغلاردا سانسىز مېۋىلەر چېچەكلەپ مېۋە بەردى.

يىللار ئارزۇ-ئارمانلارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتتى.

يوللار بەئەينى ئۈنتۇلغان ناخشىلارغا ئوخشايتتى، خىيالدىكى ئېسەنكىرەشلەر بۇرۇنقى شېرىن ئەسلىمىلەرنى ۋاراقلاپ قويماقتا.

ئۈنسىز سۈكۈنات ئىچىدە لەيلىگەن ئارمانلار توزۇغان گۈللەرنىڭ بەرگىنى ئەسلىتىدۇ. قەلبىمدىكى پىغانلارنى يوقالسا دەيمەن، بىراق سولغان گۈللەرنى ھىدلاپ ئولتۇرۇپ سۆيگۈ ئۈچۈن چەكسىز نىدالارغا ئورۇن بەرمەيمەن!

# توزۇغان گۇل

غېرىبانە ئاينىڭ جىمجىت شولىسى مۆڭلانغان ھېسلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ، گۇللەر جىمجىت توزۇيدۇ، ئۇھسىنىشلىرىڭدىن باشلانغان چۇش دەرياسى بەلكىم ئەمدى سۆيگۇ ھەققىدە شىرىلدىماسلىقى مۇمكىن.

سەن قالدۇرغان بارلىق ئەسلىمىلەر ھاياتتا بەختىنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ.

گۇللەر جىمجىت توزۇيدۇ. تاڭلىرىمدا مەڭگۇ نۇر چېچىپ تۇرغان چولپان يۇلتۇزغا مىسالسەن. كېچىدە كىشلەرنىڭ لىققىدە چۇش كۆرىدىغانلىقى ئېنىق، بىراق تەگرىنىڭ مەن ئۇچۇن چۇش دەرىخىنى ئىرغىتماس بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن، چۇشلىرىمنىڭ قات ـ قېتىدىن ئىزدەپمۇ سېنى تاپالمىغانلىقىم ئۇچۇن يەنىلا غېرىبمەن...

بىلەمسەن، ئەينى چاغلاردا قەلبىم تۆرىگە ۋىسال چىراغلىرىنى ياققىنىمۇ سەن ئىدىڭ، بەخت ئۇرۇقىنى قانلىرىڭدا كۆكلىتىپ، يارقىن كۈيلەرنى ئەبەدىيلىك ياڭراتماقچى بولغانىمۇ سەن ئىدىڭ.

گۇللەر جىمجىت توزۇيدۇ، ۋاقىتنىڭ قانىتى كۆرۈنمەس قوللارنىڭ تەۋرەتكىنىدەك ئاستىلا ئۆتمەكتە ئىدى.

خەير، بەختىڭ ئۇچۇن بەختىمدىن ۋاز كېچىشكە تەييارمەن، سېنىڭ بىھوش كۈلكىلىرىڭ ئۇچۇن ئۇمىد گۇللىرىمنى توزۇتۇشقا تەييارمەن، شۇ چاغدىلا بەخت ھەققىدە تەكرار ئويلانغىن. سېنىڭ سىرلىق تەبەسسۇملىرىڭ ئارام ئالغان كۆزلىرىڭدىكى بەخت نۇرلىرىنى ئۇنتۇشقا ئامالسىزمەن. ئاۋازىڭ كۆركىدىن زىنىنەتلىنىپ ئارامبەخش ھىدلىرىڭنى قالدۇرغان ئاشۇ قول ياغلىق ماڭا ھېلىھەم ھەمراھ بولىدۇ.

مېنىڭ شۇنداق تۇۋۇلغۇم كېلىدۇ، ئەي دۇنيا، چۈشلىرىڭنى ئۇنتۇغىن! ئەي ئايسىز كېچە، ئەبەدىيلىك سىرلىق تىلسىملىرىڭنى يوشۇرغۇچى سۈكۈتلىرىڭنى ماڭا بەرگىن.

كېچە ئايسىز... روھ قەسىرى ئالتۇن ھېسلارنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئۇنىسىز سىزماقتا، ئۇيقۇنىڭ شوللىرى روجەكلەر تامان ئاقماقتا.

بۇ كېچە شۇ قەدەر غەمسىز ئۇخلىغىن، مەن چۈشلىرىڭنى ئۈنسىز ئەللەيلەپ چىقاي، يۇلتۇز سەترلىرىدىن ساڭا ھىجران چەمبىرىكى ياساپ بوينۇڭغا ئاساي، ئاشۇ چاغ بارلىق شېرىن تارتىنىشلار خىيال دەرياسىغا غەرق بولسۇن.

گۇڭگا ئەسلىمە سىرلىق چايقىلىدۇ. كىشلەرنىڭ ئىزدەۋاتقىنى يەنىلا ئاتالمىش تەنھالىق. ناتونۇش كۈيلەر ھەر قەدەمدە ئاگلىنىپ تۇرىدۇ، چۈشسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇ قەدەر غېرىبمەن.

گۈل مەۋسۇمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا ھەممە خىيالغا غەرق بولغان، ئۈمىدلەر سۆيگۈ پەسلىگە ماتەم گۈللىرىنى ئاسماقچى بولۇشىدۇ، مەيلى خىرامانلىق كىشلەرنى قانچىلىك دەرىجىدە مەپتۇن قىلسۇن.

ھېچكىم ئۇلارنى تونىمىسۇن. زار-زارلىققا تولغان كۆز ياشلىرىم سېنىڭ گۈزەل قىسمىتىڭگە ئاخىرقى بىر تامچە بولسا مەن شۇ قەدەر بەختلىكمەن.

گۈللەر جىمجىت تۇزۇيدۇ. تىرىكلەرنىڭ ھەسرىتى ھېچ گەپ ئەمەس. ئايسىز كېچىدە كىچىككىنە يورۇقلۇق ئۈچۈن چىراغ يېقىپ ئولتۇرۇپ شۇ قەدەر غېرىبمەن. ئۆز بەختىڭ ئۈچۈن مەسۇم گۈللەرنى مەڭگۈ ئېچىلدۇرغىن.

# مىسكىن كېچىلەر

بەرق ئۇرۇپ تۇرغان مېھرلىك خىياللىرىم ئاۋازىڭ تامان ئاستا سىڭمەكتە، كېچە ئايسىز بولسىمۇ خىياللىرىمدا سېنى كۆرەلەيمەن. نەپىس نۇرلار ئىچىدىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇغان كېچىلەر چۈش ئەسلىمىسىگە غەرق بولۇشقان، شېئىردەك غېرىبسىنغان يۇلتۇزلار نادىر كۈيلەرنىڭ تاتلىق ئەسلىمىسى ئىچىدە ئاستا ئېرىمەكتە. مەن ئۆزۈم خالاپ ھەم سۆيۈپ كېلىۋاتقان يالقۇنلۇق كۈيلەرنى ئاخىرقى قېتىم كۈيلىمەكچى بولىمەن، كۆڭۈل جىرالىرىم ئاچچىق كەچمىشلەردىن يار ئېلىپ ئازاب كەلكۈنىگە ئايلانغان بولسىمۇ، چۈش قىيانلىرىنى ئېقتىپ كېتەلمىدى. كىشىلەر ئۆز كۈيلىرىگە خالىغان نوتىلارنى سېلىپ سۈرەن-چۇقانسىز ناخشا ئېيتماقتا.

يۇلتۇز شەھىرىگە ئايلانغان كېچە ئادەمسىز كوچىنى سۈسقىنە يورۇتۇپ ئۆتتى. غۇبارسىز تىلەكلىرىم ئىگىسىگە يەتمىگىنىدىن ئۆكۈنمەيمەن، دۇنيانىڭ ھەسرىتى ۋە پايانى ھامان ئاسىيلىق ئۈچۈن باشپاناھ بولالمايدۇ. سېنىڭ تىنىقلىرىڭ سىڭگەن شوللىلاردا ئۆز ئەكسىمنى كۆرمەكچى بولىمەن.

ئىستەكسىز كۈيلەرنىڭ ئاخىرقى نىدالىرى يۈرىكىمنى لەختە-لەختە تىلىپ ئۆتىدۇ، ئۆلگۈر ياش قىيانى مىڭ يىللىق ھەسرىتىمنى تەۋرىتىپ ئۆتكىنىدە مەن يەنىلا سېنىڭ ئۈچۈن، يەنە تېخى سېنىڭ ئاسىي كۈلكەڭ ئۈچۈن جىمجىت ياش تۆكتۈم.

دىل قەسرىمنىڭ ئازابسىز يامغۇرى پايانسىز پىغانلىرىمنى يۇيۇپ ئۆتتى.

يانۇار گۇللىرى ئاپئاق تەشۋىشلەرگە ئايلىنىپ ئارامسىز كۆلكەمنى كۆمۈپ تاشلىدى.

يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقىنى جۇدالىق ناخشىسى بولسىمۇ، مەن ئۇنى ئاڭلىماسلىققا سالاتتىم.

سېنىڭ شادلىقىڭ ئۈچۈن ئۆز بەختىمنى قۇربان قىلىشىم، بىلگىنىكى يەنىلا غۇبارسىز سۆيگۈ ئۈچۈن.

# تەشنالىق

قەلبىم تەكتىدىن ئېتىلىپ چىققان ساماۋى چۈقان سەرگەردان خىياللىرىمنى باشلاپ ماڭىدۇ. گۈزەل ئىستەكلىرىمنى ئوت-چۆپلەر بىسىپ كەتكەن بولسىمۇ، باھار يامغۇرىدەك ئىللىق نەپىسلىك ھەرقەدەمدە ياشارتماقتا. تەبەسسۇمسىز چۈش ئىچىدە قالغان كۆڭۈل ئىزتىراپلىرىم مۇڭلۇق ئاۋازدا ئەبەدىيلىك يىغىسىنى باشلايدۇ.

چاك-چاك يېرىلغان قەلب ئىتىزلىرىم باھار يامغۇرىدەك يۈمران ئاۋازىڭغا شۇ قەدەر تەشنا بولغىنىدا، مەن يېرىم ئىپسەنكىرەش، يېرىم تەشنالىقتا ئازابلىق نالىگە ئوخشاش چىقىۋاتقان رەڭلىك قوڭغۇراق ئاۋازىدىن تېلېفونغا ئىختىيارسىز قارايمەن، بىراق بۇ سەن ئەمەس ئىدىڭ.

چۈش بىلەن رېئاللىق ھەمىشە ئالمىشىپ قالىدۇ، دۇنيا ئۆز ھەسرىتى بىلەن ئاۋارە، ھېلىلا كۈلۈپ تۇرغان غۇبارسىز ئاسمانىنىڭ تۇيۇقسىز يامغۇر تۆككىنى قىزىق، نەمدەلگەن قاراقلاردا غەمكىن ھەسرەتنىڭ شولىسى لەيلەپ يۈرگەندە مەن ئۆزۈمنى شۇ قەدەر غېرىب ھېس قىلىمەن!

مەن تەشنا بولغان شۇ ئاۋاز ھېلىدىن-ھېلىغا كۆڭۈل خىيابانلىرىمدا ئۆزىنىڭ غەمسىز ناخشىسىنى باشلايدۇ.

ئەزگۈ ئەسلىمىلەرگە لىققىدە تولغان كېچە مەن ئۈچۈن ئاخىرقى پاناھلىنىدىغان جاي.

مېنىڭ چۈقانلىرىم قەلب خانەگىنى چېكەلەيدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنمەيمەن، بەختتىن مەھرۇم كېچىلەر چۈشسىزلىكتىن شۇ قەدەر قورققاندەك، پىنھان خىياللىرىمدا سېنىڭ ئورنىڭنىڭ بوش تۇرمىغانلىقىدىن شۈبھىلىنىمەن.

ئاسىيلىق ھەققىدە سۆزلىگۈم يوق، چۈنكى ئۇ بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

سىرلىق كۆلكە ئىچىدە چايقالغان سەھەر ھاياتلىق ناخشىسىنى يەنە باشلايدۇ.

خىياللىرىم ئىچىدە ئوت ـ گۈلخان بولۇپ يېنىۋاتقان ئەڭ گۈزەل لاتاپىتىڭ تورزۇماس چۈشلەرنى ماڭا ھەدىيە قىلغىنىغا شۈكۈرلۈكمەن.

سەھەر شاماللىرى چەكسىز ئۇھسىنىشلىرىمنى ساڭا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيمەن.

شۇ دەقىقە بەلكى سەن ئىللىق ھۇجراڭدا شېرىن ئۇيقۇغا مەشغۇلسەن.

تېلېفون مۈگلۈق سايرايدۇ، لېكىن بۇ سەن ئەمەس ئىدىڭ...

# كۆمۈلگەن ئستەكلەر

كىچە سۈكۈتلىرىگە سىغىنىشلىرىمنى يىزىپ چىقىمەن، بىر قۇر، بىر قۇردىن، يامغۇرلار رىسالىسى مىسكىن تارامىلايدۇ.

ئاشۇ بىغەم خىرامانلىقلىڭ بىلەن ئەزگۈلۈككە يول ئاچقانسەن، ئاۋازىم ئاۋازىڭغا، ھىسلىرىم ھىسلىرىڭغا سىڭىشكەندىلا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھىس قىلغانمەن. گۈللەر خىرامان، يوللار ھارغىن، كۈيلەر بىر-بىرىگە چىرماشقان، يوللار ئۆز ئەپسانىسىنى جىمجىت باشلايدۇ. ئەبەدىي ئۆچمەس گۈزەل ئەستىلىك دىللارغا گاھى ئاراملىق، گاھى مالاللىق ئىزنالىرىنى سىلىپ ئۆتىدۇ. بەختىم بەختىڭدىن باشلانغان، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىم سەندە بىخلانغان.

چۈشلەر ئالەمدە بەك ئۇزۇن، بەكمۇ ئۇزۇن پەرىشان خىياللىرىمنى بەزلەپ يۈرگەنىدىمەن، تىمتاسلىق ۋە سۈكۈتكە مىلەنگەن ھىسلىرىمنى قامالاپ يۈرگەنىدىمەن، ئەيتاۋۇر مەن شۇنداق قىلدىم، باھاردىن يازغا، يازدىن قىشقا.

خىيالىي چاقنىغان كۆزلىرىڭدىكى ئەڭ يارقىن ئۈچقۇن ھايات بىغىمنى رەڭدار ھىسلارغا ئوراپ كەلگەنىدىن بۇيان، دىل گۈلىستانىمدا دەستە-دەستە باھار ئۈنىدى، مەن ئۈنى كۈيلىدىم، ئەڭ نەپىس كۈيلەر بىلەن. خىيال پەرۋازىم ئاۋارە ھىسلىرىمنى ئويغىتىپ ئۆتتى، مىھىر بوستانىمدا سەن بىر خۇش پۇراق گۈل، لىكىن ئۆزۈشكە قولۇم بارمايدۇ، مەن سىنى كۈتىمەن، ھەتتا ئاخىرقى كەچ كۆزگە قەدەر.

قەلبىمدىكى كۆمۈلگەن ئىستەكلەرنىڭ ئۈنسىز نالىسىگە شۇ قەدەر كۆنۈكمەن، ئاسمان كۈلۈپ تۇرۇپ يامغۇر تۆككىنىدەك مەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ھەسرەت تۆكىمەن.

سەرسان خىياللىرىم ئۈمىد مەدھىيەلىرىنى جىمجىت بەزلەيدۇ، كېچە ئايسىز، يوللار ئادەمسىز.

كۆڭۈل پىغانلىرىمنى سەن ئۈچۈن ئەبەدىيلىككە دەپنە قىلغانمەن، سېنىڭ ئىسمىڭنى پىچىرلايدىغان گۈللەرگە مەپتۇنمەن. چۈشلەر ئالىمىدە يىگانىمەن، خىيال بولەنگۈچلىرىدە يەنە قانچە ئۆزۈن تەۋرىنىشىم مۇمكىن، خۇددى ئەركىن قۇشلاردەك. ئىپە دىل قەسرىمنى قامال قىلغۇچى، تاڭ ناۋاسىدەك مۇڭلۇق كۈيۈڭنى باشلىغىن تاكى ھەممە ئۆتمۈشكە ئايلانغانغا قەدەر.

باراقسان خىياللىرىمدا سۈكۈتلىرىم تونەيدۇ، ئالەم مالامەتلىرىدە سەن يېگانىلىككە يول ئالغۇچى.

سەن بارلىق بىغەملىكنى زىكىر قىلغان ئۈمىدۋار، لېكىن تەنھا يولۇچى، ئىشەنگىنكى بىز ھامان ئۇچرىشىمىز نامەلۇم ئۆتەڭلەردە...

# كۆي پەسلى

ھاياتىمنىڭ مەنىلىرى بىلەن بېزەلگەن خىياللىرىم شۇنچە ئۇزۇن، شۇنچە ئۇزۇن. ۋاقتىمنىڭ مەۋھۇم روھى ئاستىدا تەبەسسۇملۇق ھېسلىرىڭنى توختىماي چۈشەيمەن. ئارزۇلىرىم بەھرىدە چېچەكلىگەن ئارمانلىرىم سېنىڭ ئۈچۈن، بىر سېنىڭ ئۈچۈنلا پورەكلىگىنى نەۋاخ، بىراق سەن كەلمىدىڭ. خىياللىرىم بوش، تەنلىرىم بىھوش بولدى.

ھەر بىر كۈنىنىڭ ئۆتىدىك سەھىرى سېنىڭ ھىجرانىڭ بىلەن لىققىدە پورەكلەيدۇ، داللارنىڭ ئۈنسىز كۈتۈشلىرى ئاستىدا بىر كۈنىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن بارلىق ئەسلىمىلەردىن ئۈنسىز قايتقان چېغىمدا مەن شۇ قەدەر غېرىبىمەن.

ئۇزۇن كېچىلەردە دەستە-دەستە ئازابلار ماڭا ھەمراھ، دىل ناۋالىرىم كونا ناخشىغا تەڭكەش، كۆي پەسلى قۇشلار ئارىلىغا راۋان، شۇ دەملەر سەن شۇ قەدەر خىرامانسەن. سەن ئاڭلىمايسەن يۈرىكىمنىڭ ئۈنسىز نالىسىنى، سەن ئاڭلىمايسەن كۈتۈش ھەققىدىكى بۈيۈك رىۋايەتلەرنى. شۇ دەملەردە خىيالىڭنىڭ ھەربىر قۇرلىرىنى يۈرىكىمدە ئوقۇپ چىققانمەن، تاڭ ساباسىدەك، نەپىس باھار شامىلىدەك ئەزگۈ بىر كۈيدە!

روھىمدىكى چاڭقاقلىق سېنىڭ مەيىن ئاۋازىڭنى توختىماي ئىزدەيدۇ، ئۈنتۈش چۆللىرىدە چەيلەنگەن خىياللىرىم سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكىر قىلىدۇ، ئەسلىمە ئىچىدە قىينالغان جانلىرىم ئازابىنىڭ رەڭگىدە سارغايغان.

باھارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى، يامغۇرلار قايناملىرىدا قىزغىن كۈيلەشلەر ئەۋج ئالغان بۇ كۈنى مېھرىلىك خىياللىرىڭنى

يۇمشاق ھىسلىرىم بىلەن سىلاپ قويىمەن. بۇ كۈنى ئاگلاناس مىسكىن ئۆنلەردە ئىسمىگنى چاقىردىم، يامغۇر بىلەن ھۆللەنگەن يوللاردا كۆنلۈكسىز ھالدا سەن بىلەن يانمۇيان شۇنچە ئۇزۇن ماڭدىم، يوللار ھەسرىتىمنى كۆيلىدى، چۈشلەر خىياللىرىمنى ئوقۇدى.

ئەيتاۋۇر مەن شۇنداق قىلدىم، يامغۇرلار، قۇشلار، كوچىلار كۈي پەسلىگە توختىماي يىقىنلىدى.

كۈي پەسلى ياش قىيانى، يامغۇر بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ قىزغىن ئازابلارنى ماڭا ھەدىيە قىلدى.

مەن ئۇزاققىچە ياش تۆكتۇم.

# قىزىمغا شېئىر يېزىپ بېرىمەن

تاڭنىڭ مەيىن شامىلى ياز يامغۇرىنىڭ نەمخۇش ھىدلىرىنى دىماقلارغا ئۇرىدۇ. لەرزان خىيالدەك تاتلىق شۈرلاشتا قىزىم يېنىمدا ئولتۇرىدۇ، ئۇ ماڭا شېئىر يېزىپ بەر دەيدۇ، ئۇنىڭ شېئىر ئوقۇغۇسى بار، ئۇنىڭ چوغسىمان شەپەقتەك قىزارغان چېھرىدىن ئۆزۈمنىڭ بالىلىقىنى كۆرگەندەك بولىمەن. شۇ دەمدە ئۆزۈمنىڭ مەسۇم خىياللاردىن شۇ قەدەر يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالىمەن. مەن شېئىر يازدىم، بارلىق مېھرىمنى قەغەزگە تۆكۈپ، يازغانلىرىمدا ئۈمىدلىك خىياللارغا ئوخشايدىغان چەكسىز مېلودىيە يېنىككىنە پەر قاقىدۇ. مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بەردىم، قىزىم ئۆزى ئۈچۈن يېزىلغان ئاشۇ شېئىرغا قاراپ شۇنچە مەسۇم، شۇنچە خىرامان كۈلۈمسىرىدى، سەھەر ئۈمىدلىك خىياللاردا قىزىم كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن قەلبىمدىكى بارلىق ناخۇشلۇق غايىب بولدى. دۇنيا بىر پارچە كۈلكىگە ئوخشايدۇ، مۇشۇ كۈلكە بىلەن بارلىق ئازابلار، غەملەر ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، يەنە نۇرغۇن قايغۇ، نۇرغۇن مۈشكۈلاتلار ھەر قەدەمدە كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئېنىققۇ ئاخىر. مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بەردىم، بارلىق مېھرىمنى مىسرالارغا تىزىپ. ئۇنىڭ ئوماق كۈلكىسى بىلەن شادلانغان سەھەر، ھويلامدا بەخت لەيلەپ غۇبارسىز بىر لىرىكا ئاپىرىدە بولدى. مەن شېئىر يازدىم. خىياللار يىغلانمايتتى. ھەسرەتنى ئۇنتۇغان سەھەر يېڭى بىر كۈيگە ئاستا-ئاستا تەڭكەش قىلماقتا ئىدى. مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بەردىم، ئەركىن ئۇچقان شاماللارنى تەسۋىر قىلىپ. مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بەردىم، سۆس رەڭلەنگەن ياز گۈلىنىڭ ئىللىق ھىدلىرىنى ھىدلاپ تۇرۇپ. سەنمۇ گۈلگە ئوخشايسەن

قىزىم، تولىمۇ خۇش پۇراق گۈلگە، سىڭنىڭ ھىدلىرىڭدىن مەستخۇش بولىمەن، بەرگىلىرىڭدە تاتلىق، تاتلىق تەبەسسۇملارغا چۆمىمەن، خىيال بىلەن رەڭلەنگەن يۈزۈڭ ماڭا گۈللەردىكى بارچە گۈزەللىكنى نامايان قىلدى. بىر تال گۈلگە ئوخشايسەن قىزىم، تولىمۇ خۇش پۇراق بىر تال گۈلگە. مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بەردىم، بارلىق سەبىيلىكنى مۇجەسسەم قىلىپ، ئۇنىڭدا ئانام ياققان ئىسسىق ناننىڭ ھىدلىرىمۇ بار، ئۇنىڭدا ياپيۇز چېچەكلىرىمۇ بار، ئۇنىڭدا قۇشلارمۇ بار، يۇلتۇزلارمۇ بار، ئۇنىڭدا سەھەردە ئانام ئەتكەن قايماق چايمۇ بار. مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بېرىۋاتىمەن، تۇيغۇلىرىمدا قىزىمنىڭ ھازىرقى تۇرقى ھېلىلا چىقىپ تەپكۈچ تېپىدىغاندەك، مۆكمۆكىلەڭ ئوينايدىغاندەك تۇيغۇدا، بىراق مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم، بالىلىققا قايتىش مۇمكىن ئەمەس قىزىم...

مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بەردىم، باھارنى، يازنى، ئىزغىرىن شاماللارنى كۈيلەپ، ھەتتا ئۇنىڭدا دادام تېرىغان ئوسمىلارمۇ بار. مەن قىزىمغا شېئىر يېزىپ بەردىم، پەۋەس تولغان ئىلھاملىرىمدا، سۆيۈملۈك خىياللىرىمدا. شامالدەك يېنىك تۇيغۇ بارلىق ھېسلىرىمنى يەلپۈپ ئۆتتى، مەن شۇنچە يېنىكلەپ قالدىم، بارلىق ھېسلىرىم شېئىرغا سىڭىپ كەتتى. قىزىم شېئىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئەتراپ ھال رەڭلىك مۇزىكا، ھال رەڭلىك كۆي بىلەن رەڭلىنىپ كەتتى، يوللار چېچەكلەپ، خىياللار لەيلەيتتى. قىزىم مەن ئۆگەتكەن چىرايلىق ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن شېئىرنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ خىياللىرىدىن سۆيۈندۈم. بالىلىقىم كۆكلىگەن خىياللار ئىچىدە تولىمۇ مەستخۇش تۇيغۇلاردا يېڭى بىر ئالدىراشلىق ئىچىدە باشلانغان بۇ يېڭى كۈننى كۈتۈۋالدى، بىراق قۇلاق تۈۋىمدە بالىلىق چاغلىرىمدا ئۆزۈم يازغان شېئىر توختىماي جاراڭلايتتى: «يېغىۋەر يامغۇر، تېرىيمەن كاۋا»...

# باھاردىكى خىيابان ھېسلار

قۇياش بالقىپ تۇرغان سەھەرلەر نۇرلار ۋادىسىدا جۇلالانماقتا، باھار پەسلىنىڭ سۈكۈناتى جىمجىت ئىگاھلارنى گۈلگۈن داللارغا ئۈنسىز يايماقتا، خىيالدەك ئەزگۈ مۇڭ گۈللەر نالىسىگە ئوخشايدۇ. شەبنەملەرنى يىغلاتقان كېچە ياپراقلارئارا مارىلىغان نۇر ھالقىسىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىز قايتتى، سەھەردىكى گۈللەر تەشۋىشلىك يەلپۈنەتتى. قومۇش نەيىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى گۈللەر نالىسىگە ئەسرا بولماقتا. ھارغىنلىق ھېسلىرىغا كۆمۈلگەن ياپراقلار باھاردىكى گۈللەرنىڭ نەمخۇش ياشلىرىنى سۈرتكەن شامالغا ئۈن-تىنسىز تەھسىنلەر ئېيتقىنىچە قېپقالدى، شاخلاردا گۈللەرنىڭ نالىسى توختاۋسىز ياڭرىماقتا ئىدى.

# قار گۈلى

يانۋاردىكى ئەسلىمە مىسكىن تۇيغۇلار ئىچىدە چايقىلاتتى.

تەبىئەت يانۋارنىڭ سوغۇقلىرىدا شۈمشەيگەن، دالا ئاپئاق قار جىلۋىسىگە چۆمۈلگەن بۇ كۈنى قار گۈلىنىڭ سانسىز جىمىرلاشلىرى قىش كېچىسىدىكى جىمجىت چۈشلەرگە تەڭكەش بولماقتا. قاردىكى مىسكىن ناخشىلار كوچىلارنىڭ تىترەشلىرى ئىچىدە قېپقالدى. يانۋار ئاپتىپى خىيالغا ئايلانغان قىش كېچىسىنى ئازابلىق نالەشلەرگە ئۈنسىز باشلىماقتا، كۆز چاناقلىرىمدىن سىرغىپ چۈشكەن بىر تامچە ياش ئازابلىق كۈيلىرىمگە جور بولماقتا، دەرەخ شاخلىرىدا سانسىز قار گۈلى ئازاب بايانىدا جىمجىت تۇرماقتا.

# باھار چېچەكلىرى

ئېرىق بويىدا تۈنجى ئېچىلغان باھار گۈلى خىيابان ھېسلاردا يەلپۈنمەكتە. سېنى ئۈنتۇپ كەتمەكچى بولغانلىقىم راست، غۇۋا ئەسلىمىلەرنىڭ جىمجىت سايىسى ئىچرە ئەررەك ـ سەررەك ئەزگۈ گۇمانلاردا تولغىنىمەن، سېنىڭ قەلبىڭدىكى سۆيگۈ ھېسلىرى ئاللىقاچان ئۈنتۇلغان بولسىمۇ، ناگانلاردا ئەسلەشنىڭ زىلتارىنى تىرىڭلاتقىنىڭچە مەندىن يىراقلاپ كەتتىڭ.

ئەمدى بۇ يەر باھار چېچەكلىرىگە ئەمەس، سۆيگۈ غازاڭلىرىغا ئۆن ـ تىنسىز تولۇپ كېتىدۇ. خۇسۇسەن بارلىق ئازابلىرىم باھار چېچەكلىرىنى چەيلىگىنىچە مۇھەببەتنىڭ قىزغىن ھەسرەتلىرىنى خىلۋەتلەر تامان بەخش ئېتىدۇ.

ئېھ باھار چېچەكلىرى، سېنىڭ غازاڭ پەسلىڭنىمۇ شۇ قەدەر سۆيىمەن.

# خەير ياۋا گۈللەر

دالىلار پىنھان ناخشىسىنى باشلىغان ئاشۇ دەملەر ياۋا گۈللەر قۇشلار پەرۋازىغا كۆز تىكتى. توسقۇنسىز ئېستەكلىرىم ئېرەنسىز قاراشلىرىڭدا پايخان بولغىنىدا كۆڭۈل سىرلىرىمنى يوشۇرماقچى بولدۇم. سەندىن يىراقلىماقچىمەن، تالان-تاراج بولغان قەلبىم سۆيگۈ كەچمىشلىرىنى ئۈن-تىنسىز تىتماقتا. خەير ياۋا گۈللىرىم، سىلەرنىڭ سولغۇن تۇرقۇڭلارنى كۆرگۈم يوق، ئازابلىق كەچمىشلىرىمگە سىلەرلا پەقەت تەسەللى بېرەلەيسىلەر، ماي ئېيىدىكى قۇياشنىڭ سالقىن نۇرلىرى سىلەرنى ئەبەدىلئەبەد پۈركىگەي...

# بىناۋا خىيال

يىپلىنىشتا تىكىلگەن كۆزلىرىمنى سەن كۆرمەسكە سالدىڭ، پىغان لەيلەپ تۇرغان چېھرىمدىكى ئاداققى نۇرلار ئۆچۈشكە باشلىدى. باغلار ھەسرەتتە، جىرالار نادامەتتە يىپىنىك تولغانغاندا، سەن يەنىلا خىرامان ھالدا ھەممىنى بىلمەسكە سالغانسەنمۇ؟

ھەممە نەرسىگە تويماي قارايمەن، كۆزلىرىڭنى ئەسلىتىدىغان يۇلتۇزلارغا. شىكەستە بولغان قەلبىمدە سېنى ئەسلەپ يەنە بىر قېتىم ئۈنسىز ھەسرەتلەرگە بوغۇلدۇم. قەلبىمدە تېپىچەكلىگىنى يەنىلا تەنھا تىنىشلار...

# مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى

گۈللەر يىپىنىڭ شىۋىرلاپ قەلبىدىكى تۇيغۇلارنى ئۆنىسىز يوشۇرماقتا، ياپراقلاردا باھار يامغۇرىنىڭ ئىزى. قەلبىم پىنھانلىرىدا جۇدالىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ناخشىلىرى چۇقان سالماقتا، يۈرىكىڭ ئاۋازىمنى قىلچە ھېس قىلالمايدۇ.

ھالبۇكى باھاردىكى سۈكۈنات ئىچرە قەلبىم ئەينىكىدە نىپىز مۇز تۇتتى. چۈنكى مەن مۇھەببەتنىڭ تولىمۇ مەۋھۇم نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

سېنىڭ ئۇچۇن سۆيگۈ ئۈنچىلىرىنى تىزماقچى ئەمەسمەن، كۆڭۈل خىيابانلىرىمدا ھەسرەتنىڭ ھەربىر لەھزىسى ئىچرە ئۈمىدسىز خىياللارغا تىنىمسىز سىڭمەكتىمەن.

شاماللار پىچىرلىغان تۈنلەر مۇھەببەتنى كۈيلىمەيدۇ، يوللارنىڭ پايانى بىھۇدە خىياللار ئىچرە ئازابلىق كەچمىشلەرنى بايان ئەتمەكتە.

ئىزسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شامال ئارىلاش يامغۇر چۈشمەكتە.

باھاردىكى بۇ كۈنلەردە تۈندىكى خىيابان ھېسلار مۇھەببەتنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ئازابلىق چۈمكىمەكتە...

# پارچىلار

1

ھاياتتىكى ھەربىر نەرسە شۈنچە قىممەتلىكتۇر، خىيالىڭ مۆڭلۈق مېلودىيەگە ئوخشايدۇ.
پىنھانلىقىمنىڭ سانسىز رۇجەكلىرىدە سىمايىڭ ئەبەدىيلىك ماكان تۇتتى، خىيالدىكى بۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئەستىلىكلەر مەڭگۈلۈك سېغىنىش سىمفونىيەسىگە چېلىنماقتا. سەن تېخى تاماملانغان گۈزەل مېلودىيەسەن، كۆزلىرىڭدىكى ئۆچمەس ھېسلار ماڭا يېڭىدىن-يېڭى تۇيغۇلارنى بەخش ئەتمەكتە.

2

گۆگۈمغا يېپىلغان ئۇنسىز نىدالار ھاياتتىكى قىزغىن ئەسلەشلەرنى ھەدىيە قىلماقتا، قەلبىمدە ساڭا تىزىلغان سۆزلىرىمنى بىر ئېغىزمۇ دېيەلمەيتىمەن. يۈرىكىمدە شېرىن ئازاب ماكان تۇتقان بولسىمۇ، بىر ئۇنسىز ھاياجان ھېلىدىن-ھېلىغا مەۋج ئۇرماقتا، ياۋا گۈلنىڭ سۆس ھىدى دىماقلارغا ئۇرۇلماقتا، قەلبىمدىكى سۆزلەرنى ساڭا دېيەلمىدىم، سۆس تىترەش، يېنىك بىر ئازاب ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغىنى ئېنىق، يېشىل چىملارنىڭ ھىدى قالغان يوللاردا بىھېساب خىياللار باغرىغا تاشلاندىم.

3

گۈللەرنىڭ نىداسى باغلار تامان غايىب بولماقتا، قۇشلار يېنىككىنە چۇرۇقلىشىدۇ، باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىپى يوللارنىڭ

چۈشىدە نامايەندۇر. خىيال بىلەن جىمجىت ئولتۇرىمەن، بىردىنلا گۈگۈمدىكى بۇ ئاخشامقى ناخشىغا جور بولغۇم كەلدى. ئارچا دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان يوللار شۇنچە سۈكۈتلۈك ئىدى، غۇۋا نۇرلار ئىچىگە شۇڭغۇغان بۇ ئاخشام يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىلارغا جور بولماقتا.

# بىر تال گۈل

ئالدىنىمدا سولغان بىر تال گۈل، ئۇنى كىملەردۇر ئۈزۈپ تاشلىغان. ياشلىرىم گۈل بەرگى ئۈستىگە تامچىماقتا. ئازابنى يوشۇرغان كۆلكەم شۇ قەدەر مەيۈس، چەكسىز سۆكۈناتتىن ئۆرتەنگەن يۈرىكىم پارە-پارە بولماقتا.

چۈش بىلەن كۆكۈم گىرەلىشىپ كەتتى، ماڭا بەرىبىر ھەممىسى ئوخشاش ئىدى.

پىچىرلاۋاتقان شامالنىڭ ئاۋازى نەمخۇش يوللارنى يەلپۈپ ئۆتەتتى، قولۇمدا قۇرىغان بىر تال گۈل. ئازابنىڭ پايانىغا تاشلانغان ھېسلىرىم جىمجىت كۆيمەكتە، مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان قۇشلار غەمسىز چۇرۇقلاشماقتا، سۆيگۈ بەئەينى ئاشۇ بىر تال قۇرىغان گۈلگە نەقەدەر ئوخشايدۇ-ھە!

مۇھەببەتنى كۈيلىمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت شېرىن خىياللار قوچىقىدا قالغان ئۆزۈمنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ ئىنتىلگىنىم راست. ھايات قانچە يالقۇنلۇق بولسىمۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ، كۈلكە شۇ قەدەر يېقىملىق بولسىمۇ، ئۇ ھامان يىغا بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. سۆبھى يېتىپ كېلىش ئالدىدا شائىرانە ھېسلىرىم ئىچرە يۇلتۇزلارنى ساناپ چىقماقچى بولدۇم، بىراق بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھامان ھېس قىلاتتىم، سۆبھى، شامال ھەم نۇر سەلكىنى ئىچرە تىنىمسىز چايقىلاتتى.

قولۇمدا قۇرىغان بىر تال گۈل...

# بىناۋالىقىم

تـالاي ـ تـالاي نەرسـىلەر بىـر ـ بىـرىگە شۇ قەدەر ئوخشىـشىپ كېتىدۇ.

مەن گاھـىدا تېڭىرقـاش، گاھـىدا ئىزتىـراپ ئىلكىـدە ئاشـۇ ئوخشاش نەرسىلەرگە تويىماي قاراپ قالىمەن.

لېكىـن كىـشىلەرنىڭ ھايـاتىنىڭ تۇتقـان يولـى بىـر ـ بىـرىگە تـۇپتىن ئوخـشىمايدۇ. مەسـىلەن، بەزىـلەر مۇھەببەتـنى پەلـسەپە نۇقتىسىدىن مەڭگۈلۈك نەرسە دەپ قارايـدۇ، لېكىـن يەنە بەزىـلەر مۇھەببەتنى ئۆزۈكسىز كۆچىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە كىمـلەر چوڭقۇر مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتكەن پىنھانلىقنى شۇ قەدەر ئەزىزلەيدۇ.

كەلمەسـكە كەتـكەن كۈنلەرنـى ئەسـلەش گەرچە ئەخمەقلىـق بولسىمۇ، ئـۇ يەنىـلا ھېـسسىي تۇيغۇلارغا بـاي بولۇشـى مۇمكىنغۇ؟ ھاياتنىڭ بىناۋالىقى ھەسرەتنىڭ داۋامى ئەمەس.

دۇنيـادا نۇرغـۇن نەرسـىلەر بىـر ـ بىـرىگە تولىمـۇ ئوخـشايدۇ، لېكىن ئوخشىمايدىغىنى ھەر لەھزىدىكى بىناۋالىق.

بۈگـۈن توسـاتتىن يېنىمـدا بولـۇپ قېلىـشىڭنىمۇ ئۈمىـد قىلمـايتتىم. پەقەت شـاماللاردا بەھـۇزۇر ھالـدا تـۇراتتىم. كۆزلىرىمـدىكى قـايغۇ ئەمەس، ئىلتىجامۇ ئەمەس، بەلكـى يېنىـڭ ئۆچقۇن تاشلاپ ئۆتكەن نەپرەت ئىدى، خالاس.

ئـارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىـڭ قاناتلىرىغـا قونۇۋالغـان نەمخـۇش خىياللار مېنى ھېلىھەم مەغرۇر تۇيغۇلارغا باشلىماقتا، مەن جىمجىت ئارمانسىز ئولتۇرۇپ گۇگۇم قوينىدىكى ناخشامنى تېپىۋالدىم. قۇشلار پەرۋازى، باھـار چىمەنىنىـڭ خۇشـبۇي ھىـدى ئۈنـسىز ئەستىلىكلەردەك تىنىمسىز جىمىرلىماقتا.

قەترە-قەترە ياشلىرىمدا چاقناۋاتقىنى ئازاب ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل قىممىتىم ھەم بىناۋالىقىم ئىدى، شاماللاردەك يەلپۈنۈپ ئۇلتۇرۇپ قۇشلار كۈيىگە جور بولدۇم...

گۈللەرنىڭ سىرلىق قەلب قەسىرلىرىدە تەسۋىرلىگۈسىز پىنھانلىق مەۋج ئۇرماقتا. يوللارنىڭ پېغانلىرىنى شاماللار ئۇيىنماقتا. يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرىدىكى يېقىملىق ئېسەنكىرەش نۇرلار ۋادىسىنى تىپتىنچ سەيىر ئېتىدۇ.

گۈللەردىكى پىچىرلاش باھارنىڭ پەريادىغا كۈينامە توقۇماقتا.

قارلىغاچلار يامغۇردىن دېرەك بېرىپ پەسكىنە ئۇچۇشىدۇ. يامغۇر ياغسىكەن دەيتتىم، بىراق سېنىڭ كېلىشىڭنى تىلىمەيتتىم. گۈگۈمدا يېنىۋاتقان ھېسلىرىمدا سۇس نەپرەت لەرزىگە كەلمەكتە، ئەجەبا سۆيگۈ سەن ئۈچۈن شۇنچە قەدىرسىزمىدۇر.

يوللار بىپايان كەچمىشلەرنى يۇتۇپ كەتتى، باھارنىڭ ئەزگۈ پايانى خىياللىرىمنى ئەللەيلىدى، غەمگۈزار قەلبىمنىڭ تىۋىشلىرىنى چۈشەنگەن يېشىل ياپراقلارغا قاراپ يېنىك ئۇھ تارتتىم، مەن يامغۇر پەسلىنى ياخشى كۆرىمەن، يامغۇرلار تىنىمسىز چۈشەتتى، خىيالدىكى ئەزگۈلۈك كونا ئىزلارنى تامام يۇياتتى.

مارت ئايلىرىدىكى بۇ خىل تۇيغۇ ئىچىدە گىرىمسەن چۈشلەرگە بۆلەنگەن ھالدا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن، بىراق مۇھەببەت بىلەن ئويغانغان چېغىمدا يامغۇر ئاللىقاچان توختىغان بولۇپ، سۈبھىدىكى نۇر جۇلاسى شەپەقلەرنى ئورىغان ئىدى.

شۇ دەملەر يامغۇر يەنە ياغسىكەن دەپ تىلىدىم، بىراق سېنى كەلسىكەن دېمىدىم.

# ھەسرەتنىڭ پايانى

كۆلكىلەردىكى مەيىن پىچىرلاشلار دالا گۈللىرىنى يەلپۈتمەكتە، كۆكشۇل چىمەنلىرىمىنى ئىقبال گۈلىستانىدا ئەللەيلەتكىنى يەنىلا تىنىمسىز ئىنتىزارلىق. نازۇك سادالار بىلەن تولۇپ كەتكەن يوللار پىنھانلىق شەجەرىسىنى ياڭراتماقتا.

بىز خوشلاشتۇق، كۆزلىرىمىز بىلەن ئەمەس، تىللىرىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىستەكلىرىمىزدە ئۆلۈۋاتقان مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىداسى بىلەن، بىز خوشلاشتۇق. گۈللەر پىچىرلىمايدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرى ئازاب رەڭدە جۇلالايدۇ.

لېكىن ھېچقاچان پارلاق نۇرلارنى چاچقان ئەمەس.

مۇھەببەتتىكى ئاسىيلىقتا سەۋەب كەتمىگىنى بىلەن، دىلدىكى شىكەستىلىكنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە چىغىر يوللار يوق، ۋادىلارنىڭ بويلىرىدا باغۇ ئېرەملەر يوق.

پەقەت ئەزگۈ بىر سۈكۈتلا بار خالاس.

ۋاھالەنكى، قەلبىمدىكى غۇبارسىز سۆيگۈنى بىر قارا قول تۇنجۇقتۇرۇش ئۈچۈن سوزۇلماقتا، مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇكى، ئۇ سېنىڭ قولۇڭ ئىدى.

دەريانىڭ دولقۇنلىرى ئۆز ئېقىنى بىلەن ئۈنسىز ئاقماقتا، ئازابلىرىم سېنىڭ ئۈچۈن ياش تۆككەن ئەڭ ئاخىرقى ئاخشام ئۈچۈن مەرسىيە يازماقتا.

مۇبادا قەلب دىلىستانىدا سۆيگۈ بار دېيىلسە، ئۇ سېنىڭ ئازغۇن قىسسەلىرىڭ بولۇشى مۇمكىنغۇ ئاخىر. بىر تۇتام ھەسرەتنى كۆتۈرگىنىمچە كۆل بويىدىن ئۈنسىز يىراقلىدىم.

غۇۋا كۆلەڭگىلەر قىسسەلەرنىڭ پايانىغا چۆكمەكتە.

خىيال ئاسمىنىمدا بىر تامچە ياش يۇلتۇزلارنىڭ چۈشكە قوشۇلۇپ كەتتى. قىرلاردىكى خىنىگۈلنىڭ سۈس ھىدى مەيىن شاماللاردەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئازابنىڭ پايانى ھەسرەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ھامان دۇچ كېلىدىغان بولغاچقا، ئارتۇقچە ۋايىم يېيىش نەقەدەر ھاجەتسىز- ھە، كەچكى شەپەق ئۆز تۇسلىرىدە جىمجىت پارلايدۇ... ئېھ ناتىۋان يوللار.

# چېچەك پەسلى

تۈنلەر باھارنىڭ چۈشلىرىدە ھال رەڭ تونلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشقىنىچە يازنىڭ تىمتاس باغرىغا ئات سالماقتا. باغۇ ئېرەملەرنىڭ چېھرىدە كەيپ بىر مەنزىرە تىنىمسىز پارلىماقتا. چېچەك پەسلىگە ئامراقمەن، ھايات كۈيى جۇلالاپ تۇرغان ئېكىنزارلار ھال رەڭ يېشىل لىباسلار بىلەن جابدۇنىدى، باھار شامىلىنىڭ شۇئىرلاشلىرى قۇشلارنىڭ خىياللىرىنى پەپىلەپ قوياتتى، چېچەكلەر ئوتقاش كەبى تاۋلانماقتا.

داللاردا غۇنچىلاشقا تەييار تۇرۇۋاتقان گۈللەر كېپىنەكلەرنىڭ نەپىس كۈيلىرى ئۈچۈن تەييار تۇرغاندۇر. توسقۇنسىز بىر ھاياتلىق ئۆز مېلودىيەسى ئۈچۈن كۈي سازىنى باشلىدى، ئاسمان غۇچچىدە يۇلتۇز چېچەكلىرىنى پارلاتتى.

تەبىئەت بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن تەسىرلەندى بولغاي، تەبىئەتنىڭ مىشچان، كۆل رەڭ يامغۇرى داللارنى قۇچاقلىدى، سىم-سىم يامغۇردىكى چېچەك پەسلى خۇددى گۈلداندىكى گۈلدەك كىشى مەيلىنى تارتماقتا.

چېچەك پەسلىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ ھەر بىر گىياسى شادلىقىمنىڭ شادىيانە ناخشىسى ئۈچۈن زەخمەك ئۇرىدۇ. باھار پەسلى ئۈچۈن ناۋا ئەيلەنگەن ئىستەكلەر قىيام بولغان بۇ كۈنى تەبىئەت شائىرانە ھېستا ئۆز مەرغۇلىنى ئۇنىسىز ياڭراتماقتا.

چېچەك پەسلىنى ياخشى كۆرىمەن، باھارنىڭ سىيماسى ھەم يېقىملىق ھىدى ئېچرە نەپىس كۆلكىلەر ھەر بىر شاخلاردا پارلىغىنىدا، قەلبىمدە تەۋەللۇت بولۇۋاتقان يارقىن كۈيلەرنى تەرىپلەشكە ھامان ئاجىزمەن....

ئېھ... چېچەك پەسلى.

# دىللاردىن مەنىلەرگە

1

دېرىزە ئالدىدىكى جىمجىت شولىلار ئاددىي سېغىنىشلارنى ئاينىڭ رۇخسارى تامان يوللىدى، يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى نۇر جىلۋىسى ئىچىدىكى بۇ كېچىگە ئاراملىق بېغىشلىماقتا...

2

كىشىلەر ھەمىشە ئۆزلىرى ئىچىدىن ئۆزىنى ئىزدەيدۇ، لېكىن ھېچكىممۇ شاۋقۇنلۇق ئىچىدە بۇ خىل مەغلۇبىيەتنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ.

3

گۈلنىڭ شىۋىرلاشلىرى شامال ئۈچۈن بىر تاماشا، لېكىن غازاڭ پەسلى بولسا ئازابنىڭ يېڭى بىر مەنىدە ئېيتىلىشى بولسا كېرەك...

4

ئازابنى كۈيلىمەكچى ئەمەسمەن، بىراق مېنىڭ ئېيتىۋاتقىنىم ئازابنىڭ پايانىدىكى تىنىمسىز مەغلۇبىيەت، لېكىن ھېچكىممۇ بۇ مىنۇتلاردا ياش تۆكمەيمەن دېيەلمىسە كېرەك.

5

قۇياش ھەركۈنى شەرقتىن چىقىپ شەپەقلەر جىلۋىسى ئىچىدە چەكسىز نۇر تالاسىنى سىزىپ چىقىدۇ، سۇبھىدىكى بۇ گۈزەللىك بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇيقۇدىن ئويغىتالايدىغانلىقى مۆجىزە ئەمەس، ھەقىقەتتۇر...

6

باھارنىڭ ناز جىلۋىسى نەۋرۇز قىزنى يېڭى كۆيلەرگە مۇپتىلا قىلدى، شامالار ئۇچۇپ، چېچەكلەر نازغىپ باھاردىكى بۇ ئەزگۈلۈككە تەھسىنلەر ئوقۇشقا باشلىدى...

7

ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كېتىشنى خالايمەن، بۇ بەلكى ھەممىلا ئادەم مەڭگۈ تەكرار زىكىر قىلىدىغان، لېكىن ھېچكىممۇ قىلالمىغان بىر ھەرىكەت پائالىيىتىدۇر خالاس.

8

خىيالىمدا ئاي بىلەن سىردىشىمەن، يۇلتۇزلار ماڭا كۆز قىسىشىدۇ، بۇلۇت يېشىنى تۆكىدۇ، يوللار ھەسرەت بولۇپ خىياللىرىمدا يېڭىدىن-يېڭى ئېچىلىدۇ.

9

سەن كېتىپ قالدىڭ، كەينىڭدىن ئۈزۈنغىچە قاراپ تۇردۇم، بىراق سېنى بىر رەت چاقىرمىدىم، چۈنكى بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ئۆزۈمنى قەدىرلىگىنىم ئىدى.

10

ئادەملەر بۇ دۇنيادا بىر-بىرلىرىگە سۆيگۈسىنى بېغىشلىشىدۇ، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ھېچكىم ھېچكىم ئۈچۈن ئاجايىپنامە يېزىپ چىققان ئەمەس.

11

ھايات يولۇمنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئازابلىدىم، لېكىن مۇھەببەتتىن ۋاز كەچكىنىمدە نەتىجە يەنىلا ئوخشاش بولدى. ھالبۇكى يەنىلا كۈلۈپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ.

12

ئىنسانلار ئېرىشىش ئۈچۈن توختىماستىن كۈرەش قىلىدۇ، بىراق ئېرىشكەندىن كېيىن ھامان يوقىتىدىغان گەپ. ئەمما ئىنسانلاردىكى ئەڭ زور خاتالىق بارىغا قانائەت قىلماسلىق، شۇڭا دانالار ئېيتىدۇكى، ئىنسان دېگەن يوق نەرسىنىڭ ئىنتىزارى.

13

ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى يوق، ئەركىن ئۇچقان قۇشنىڭ ماكانى يوق، شۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بۇ ھاياتنىڭ پايانى يوق.

## 14

بىر كىچىدىكى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ھېچكىم بىلگەن ئەمەس، بۇ كېچىگە تالاي-تالاي شادلىق، ۋەھىمە، ھەم رەزىللىكلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

## 15

سۈكۈت قىلىش خۇددى پەرىشتە بىلەن دوست بولغاندەك روھىڭنى ئەمىنلىككە ئىگە قىلىدۇ، ئۇنىڭ پايانسىز جاراڭلىق خىتاب ساگا نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىدۇ.

## 16

مۇھەببەت نېمە دەپ كۈيلىسە بولۇۋېرىدىغان ئىبارە ئەمەس، ئۇنى تەرىپلەشكە سەمىمىي يۈرەك كېرەك، لېكىن ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر بۇ سۆزگە يۈز كېلەلمەيدۇ.

## 17

ئەينى چاغلاردا كۈلۈمسىرەشلىرىڭ ماڭا ئالەمچە بەخت ئاتا قىلغانىدى، ئەمدىكى پەرۋاسىزلىقىڭ بولسا دىل بېغىمدا ھەسرەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇردى. بەلكىم كۆزلىرىمدىكى نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەنسەنمۇ، لېكىن يەنىلا ئەندىشە قىلىدىغىنىم ھېچقانداق نەپرەت ھەم مۇھەببەتنىڭ سەن ئۇچۇن بەرىبىر بولۇپ قېلىشى.

## 18

ھايات يولىمىزدا ئەگرى-توقايلىق ھامان ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەسىلە ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشتا. لېكىن شۇنداق تىلەك تىلەيمىزكى، ھايات يولىمىز داغدام بولغاي.

## 19

تەبىئەتنىڭ ھۇزۇرىدا تىنىمسىز يامغۇرلار نامايان بولماقتا، لېكىن كوچىلارنىڭ پايانى ئاسىيلىققا تولغاچقا يامغۇر ئەمەس، قان تامچىيدۇ.

## 20

ئانا، غەم يالقۇنلىرى ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيگۈچىدۇر، ئۇنىڭ قەلبى پەرزەنتى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مۇشەققەتكە ئۆزۈكسىز يۈزلىنىدۇ، لېكىن ھەرگىز زارلانغان ئەمەس.

## 21

يامغۇر پەسلىدە ئۇيۇقتىكى بۇلۇتلار ئاپئاق تۇمانلارغا ئايلىنىدۇ، يوللاردىكى نەمخۇش ھىدلار شامال بىلەن قوشۇلۇپ ياپيېشىل خىيالغا ئايلانغان تەبىئەتكە تىنىمسىز سىڭمەكتە.

## 22

ئىنسانىدىكى ھەر خىل تەسەۋۋۇر مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان پەيتلەردە دۇنيا شۇنچە گۈزەل كۆرۈنىدۇ، لېكىن ھەربىر نەرسىنىڭ بۈگۈنى، كەلگۈسى ھەم ئۆتمۈشى مەۋجۇتتۇر.

شۇڭلاشقا ھەممىشە غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت قوشكېزەكتۇر.

23

سەن يېنىمدىن شۇنچە سوغۇق نەزەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتىڭ، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشلىرىمگە لەنەت ئوقۇغىنىمچە ھەسرەتلىك خىياللارغا ئەسىر بولدۇم، شۇنىسى ئېنىقكى، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئاداققى ئازابى نەپرەت بىلەن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى.

24

چۈشلىرىم سېنى مەڭگۈ ياد ئەتمەيدۇ، ئۆلۈۋاتقان رېئاللىق ئالدىدا مېنىڭ چۈشلىرىم سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچنېمە ئەمەس بولغىنىدەك، ئەمدى ئاشۇ ئەسلىمىلەر مېنىڭ يېشىل خىياللىرىم ئالدىدا بىر قۇرۇق سەپسەتە خالاس.

25

گۈگۈم نەمخۇش چاچلىرىنى يەلپۈتكىچە كېچىنىڭ تىمتاسلىقىغا چۆكمەكتە.
يوللار خىرامان ئەسلەشلەرنى قايتىش سەپىرىدىكى يۇلتۇزلارغا ھەدىيە قىلماقتا.
كەينىگە يانماس تاڭلار مەيۈس كۈلكىلەردەك غىل - پال چاقنىماقتا...
ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك، خۇنۇكلۈك تولغان قەلبلەرنى نىجات نۇرلىرى بىلەن بېزىگىلى بولماس.

26

ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈدىكى تويۇنماسلىقى ئۇنىڭ تەشنالىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆتكۈنچى چاڭقاقلىقىدىن بولسا كېرەك، چۈنكى يېقىندىن يېقى ھېسلار ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈ جەلپكار ھالەتتە.

27

ئۆزىنى ھەممىدىن ئەقىللىق چاغلايدىغان ئادەم بىغەم ئادەمدۇر، چۈنكى ئەقىل بىلەن ئادىمىيلىك ئىككىسى ئىككى نەرسە.

28

تاڭ سەھەردە بىر گۈل چىرايلىق ئېچىلدى، يۇلتۇزلار كېچىچە ئۇخلىمايمۇ ئۇ گۈلنىڭ قانداق ھالەتتە ئېچىلغانلىقىنى كۆرەلمىدى.

29

باشقىلارنى ئالداپ ياشىغاندىن ئۆزىنى ئالداپ ياشاش ئاقىلانە تاللاشتۇر...

30

ئاي ئېيتىدۇ، كېچىدە يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرى يالغان، شاماللار ئېيتىدۇ، گۈللەرنىڭ شۇبرلاشلىرى يالغان، بىر قىز ئېيتىدۇ، كېچە كۆرگەن چۈشلەرنىڭ ھەممىسى يالغان.

31

ھاياتنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس سەترىسى ئىچرە قايغۇ ۋە شادلىقتىن خالىي بولغىلى بولماس، خۇددى كۆلۈپ تۇرغان ھاۋانىڭ بوران-چاپقۇنى بولغاندەك.

32

قۇياشنىڭ بىھېساب نۇرلىرى تەبىئەتنى قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈپ تۇراتتى، شۇ دەمدە سەھەردىن قېپقالغان ئاخىرقى تۇمانلارمۇ ئىزسىز غايىب بولماقتا، دېمەك يېڭى بىر كۈن باشلاندى.

# خىيال ئىچىدىكى ئەسلىمە

ئىزغىرىن ئاي نۇرى بۇ كىچىكە تەۋە بارلىق ئەسلىملەرنى سۆيۈپ تۇراتتى.

«ئاپرېلدىكى ھاۋا نەقەدەر ساپ-ھە» دەيتتىم ئىچىمدە، گىرىمسەن نۇرلار ئىچىدە پارلىغان سەھەر ئۇيقۇچان قۇشلارنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش بولماقتا، مۇھەببەت قەسرىڭنىڭ ئالىلقاچان يوچۇن خىياللارغا تولغانلىقىنى بىلىمەن. يوللارنىڭ يېگانىلىكى ھەسرەتنىڭ پايانىغا ئات سالماقتا، شۇ دەملەر مەن جىمجىت ھەم خىيالچان ئىدىم، «خىيال دېگەن بۇ نەرسە نېمىدېگەن بىمەنە-ھە» دەپ ئويلايتتىم، مەڭدەپ تۇرغان خىياللىرىمدا سېنى ئەسلىمەيتتىم. چىملىقلاردا پارلاپ تۇرغان شەبنەملەر مېنىڭ كۆز يېشىمغا ئوخشايتتى، سېنى ئەسلەشتىن قورقىمەن، بىراق يەنە نېمە ئۈچۈن ياش تۆكىمەن؟

كىچىككىنە يېشىل ئورمانزارلىق، ئۇركۇۇگەن قۇشلارنىڭ ناخشىسى ھەم ئاپرېلدىكى بۇ سەھەر ماڭا شۇ قەدەر يوچۇن تۇيۇلماقتا. سەن كەلمەيسەن، سېنىڭ كېلىشىڭنىمۇ كۈتمەيمەن. خىيالغا ئوخشايدىغان بۇ سەھەر پەقەت غۇۋا چۈشكىلا ئوخشايدۇ.

قەلب كۆيلىرىمگە يوشۇرۇنغان سادالار سولغان ئەقىدىسى ئۈچۈن پەرياد چەكمەكتە.

سەھەر يۇلتۇزلىرى ئۆچۈش ئالدىدا قىساسكار كۆزلەردەك ئۈنسىز پارلىماقتا. بىرئازدىن كېيىن بۇ يەردە سەھەر بولىدۇ، غەپلەتتە ئۇخلىغان گۇللەر ئويغىنىپ سەھەردىكى نەي ئاۋازىغا تەڭكەش بولىدۇ.

سەن بۇرۇن ھەمىشەم مۇھەببىتىم ھەم ئۈمىدلىرىم ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالاتتىڭ. لېكىن بىلگىنىكى، ئەمدى بۇ يەردە بۇرۇنقى قايناق ھېسلار يوق، ئاپرېلنىڭ تۈنجى سەھىرى بارلىق ئەسلىمىلەرنى غۇۋالاشتۇرماقتا.

گۈللەر لەرزان ئۈچقان شاماللاردا تىنىمسىز يەلپۈنمەكتە.

# ئۆزۈمدىن قېچىش

ئايىنىڭ غۇبارسىز چاقناشلىرىدىكى جىمجىت بالقىشلار ھەسرەتلىك تىنىقلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. ھىجراننى ھىدلىمايمەن، كۆزلىرىمدىن ياش يامغۇرى تۆكۈلدى، سۈكۈتلەر جىلۋىسى ھەممىنى يېمەكتە. ئىككىمىزنى شۇ قەدەر يىراق ھېس قىلدىم، روھىم بارلىقىدا يوچۇن ھېسلىرىم چەكسىز ئېسەدەيتتى. مەن تۇمانىدەك غۇۋالىق ئىلكىدە ئۆزۈمدىن يىراقلىماقچى بولدۇم. كۆرۈنمەس كۆلەڭگىدەك ئەزگۈ تەلپۈنۈش مېنى ھەسرەتلىك دەملەرگە ئۈنسىز يېقىنلاشتۇرۇپ قويدى، ئىسمىڭنى چاقىرمىدىم، ياشلىرىمنى يوشۇرالمىدىم، چۈش چېچەكلىرى خىياللىرىمدىن توزىدى، سەنسىزلىك ئىچىدىكى غۇۋا ئۆتمۈشكە ئاخىرقى قېتىم «خوش» دېدىم. ھەسرەتنى كۈيلىمەكچى ئەمەسمەن، پىغانلار يەلپۈنگەن، ئورمانلار خىلۋەتلەرگە يول ئالغان شۇنداق بىر كۈنى ئىستەكسىز سۆيگۈ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر يېڭىدىن-يېڭى نوتىلارغا چۆمۈلدى. يارىلانغان قۇش كەبى تىپىرلىدىم، سولغان گۈللەردەك ئەزگۈلۈكتە ئاۋازىڭنى تىڭشىدىم، شاماللار يەلپۈنگەن كېچە شىكەستە بولغان قەلبىمگە ئارام ئىزدىدىم. ئاشۇ كىچىككىنە شادلىقتىن مەھرۇم بولغانلىقىم بۇ مېنىڭ سۆيگۈدىكى مەغلۇبىيىتىم ئەمەس. سەبدەرگۈلنىڭ سۈس جۇلاسى سۇلار تامان غايىب بولدى، يوچۇن ھېسلىرىڭنىڭ يوچۇن يەرلەرگە ئېزىقىپ يۈرگەنلىكىگە قىلچە ھەيران قالمىدىم. شۇ دەملەر ئۆزگىلەرنىڭ بېغىدىكى گۈل ئىدىڭ. ئايىنىڭ تەنھالىقى رۇجەكلەرگە مىسكىنلىك ئېلىپ كەلدى، تەبىئەتنىڭ ياشلىرىنى شەبنەم دېدىم، ئۈنسىز ئۇچقان ئىزغىرىن شاماللارغا ئىلتىجا قىلدىم، لېكىن سەندىن يەنە

بىر قېتىم سۆيگۈ تىلىمىدىم.

ئۆپۈق تۇمانلىرىدا نەملەشكەن كېچە يېڭى بىر ھەسرەتنى كۈيلىدى، خىياللار چەكسىزلىكتىن چەكسىزلىككە يول ئالدى. ئاڭلانماس ئۇنلەردە قۇشلارنى چاقىردىم. گۈللەرنىڭ قۇرىغان شېخى سۆيگۈ كەچمىشىنىڭ ئازابلىق شاھىتى ئىدى. كىچىككىنە شادلىقىمۇ مەندىن ئايىغانلىقىڭ بۇ سېنىڭ بېخىللىقىڭ ئەمەس، بەلكى بىخۇدلۇقىڭمىدۇ؟ تومۇز ئىسسىقتا تۇرغانلىقىمنى بىلىسەنۇ، بىراق بىر ئۇتلام سۇ بىرەلمىدىڭ، ئەگەر سەن دەريا سورىساڭ دېڭىز بېرىدىغانلىقىمنى بىلەمدىغانسەن!

ھاياجانلىق مىنۇتلار ئەزگۈلۈككە يول ئالدى، ئايسىز كېچىدىكى قۇشلار كۈيى ماڭا يېڭى ئارامىلىقنى بېغىشلىدى. ئەيتاۋۇر ھاياتىنىڭ قىسمەتلىرىدە قايتا ئۇچراشماسلىقنى تىلىدىم، تەبىئەتتىكى ناخۇشلۇق شامىللار تۇزانلىرىدا يىراقلارغا ئۇچتى، ئۆزۈمنىڭ پىنھانلىرىدا كېتىۋېتىپ ئۆزۈمگە ئۇچراپ قېلىشتىن شۇنچە ئېھتىيات قىلدىم. مۇشۇ تومۇز ئىسسىقتا سوغۇق يېلىنجاشلار يۈرىكىمنى مۇزلاتتى، ئەلەڭلىگەن بەڭباش خىياللاردا قايسىبىر يولدا ئۇنسىز كېتىۋاتىمەن، مەن ئەنسىرەيمەن ئۆزۈمگە ئۇچراپ قېلىشتىن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

# باھار بۇ يەردە تۇنەيدۇ

(نەسرلەر)

ئاپتورى: رەيھانگۈل ئوسمان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى داجىنما مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880 mm × 1230 mm، 1/32، باسما تاۋىقى: 6.125
2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

ISBN 978-7-5631-2680-4

باھاسى: 16.00 يۈەن

ISBN 978-7-5631-2680-4

9 787563 126804 >

定价：16.00 元